# ئىزدىنىش

## (تاللانما)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى

11 1995

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

1995-يىل 11-سان

(ئومۇمىي 89-سان)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1995-يىللىق 17، 18، 20-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى (1995-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى) ............... (2)**

**باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى**

— ب د ت 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن

**............................................................. چېن مۇخۇا (8)**

**رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك**

**............................................................. خۇ جىنتاۋ (18)**

**"مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك"**

— «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**............................ گاۋ شياۋكۈن، جاۋ شياۋخۇا (42)**

**★11-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1995-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى 1995-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن 176كىشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن 125 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار ساھەلەردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى جەمئىي ئالتە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم مەزگىلى؛ 2. ئاساسىي كۈرەش نىشانى ۋە ئاساسىي يېتەكچى فاكجىن؛ 3. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ 4. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ 5. ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە تۈپ سىياستى؛ 6. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىش. يولداش لى پېڭ «تەكلىپ» لايىھىسى توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

ئومۇمىي يىغىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى مەزگىلدە، بولۇپمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن ئۇلۇغ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. بىز پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئۈچ بەش يىللىق پىلانىنى تولۇق ئورۇندىدۇق، مۆلچەرلىنىشچە مىللىي

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاش ۋەزىپىسى بۇ يىل مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى. خەلق ئىگىلىكى ئۇچقاندەك تېز راۋاجلاندى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىۋاتىدۇ. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا قىممەتلىك تەجرىبە ھاسىل قىلدۇق، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى شەكىللەندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاپتۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15يىل دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەنگە ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل بولىدۇ. بىز ھەرقايسى جەھەتتىكى ئوبدان شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، داۋاملىق تۈردە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقۇزۇشىمىز ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز، ئىقتىسادى ئىزچىل راۋاجلانغان، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولغان جۇڭگونى 21-ئەسىرگە باشلاپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ--ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى تۈپ چوڭ تەدبىر.

ئومۇمىي يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي كۈرەش نىشانى: زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش، 2000-يىلغىچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى 1980-يىلدىكىدىن 300 مىليون ئەتراپىدا كۆپەيگەن ئەھۋالدا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ؛ نامراتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش. 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن ئاساسىي كۈرەش نىشانى: مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش. 15 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىۋېرسال كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنە چوڭ پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە

ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى—ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككى تۈپ ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنى بىرىنچىدىن، ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىش، ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى يىرىكلىك تىپىدىن ئۈنۈمدارلىق تىپىغا ئۆزگەرتىش.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقئارا قۇرۇلمىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى تۈپتىن ئۆزگىرىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، 1 مىلياردتىن كۆپرەك ئاھالىسى بار چوڭ دۆلەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش—ھەم ئۈمىدكە تولغان، ھەم ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئىجادىي ئىش. پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى ئۈنۈملۈك قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت تۈپ فاڭجېننى چىڭ ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، ئومۇمىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا، تۆۋەندىكى مۇھىم فاڭجېنلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك: 1. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. 2. ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مەركىزى قىلىش. 3. دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ ئىقتىساد بىلەن زىچ بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. 4. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇش. 5. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىش. 6. قەتئىي ئېغىشماي ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتۇش. 7. بازار مېخانىزمى بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئورگانىك ئاساستا بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلەش، ئوبدان قوغداش ۋە ئوبدان جارى قىلدۇرۇش. 8. رايونلار ئىقتىسادىنى تەڭكەش، راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش. 9. ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ ئالغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇش.

ئومۇمىي يىغىن شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە

راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى— كەسىپ قۇرۇلمىسىنى خىللاشتۇرۇپ، بىرىنچى كەسىپنى ئالاھىدە كۈچەيتىش، ئىككىنچى كەسىپنى تەڭشەش ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش. ئۈچىنچى كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىلغار تېخنىكىدىن كەڭ پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىدە ئۇچۇرچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش؛ پەن-تېخنىكا، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلمىز پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى بىلەن دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش؛ رايونلار ئىقتىسادىنى تەڭگەش راۋاجلە-نىشقا يېتەكلەپ، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرقانچە رايونلۇق ئىقتىسادنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە، قاتناش، خەت-ئالاقە، پەن-تېخنىكا، مائارىپنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. سوتسى-يالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش— بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدىكى تەلەپكە بىنائەن، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى دەۋرىي قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. بازار سىستېمىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ۋاستىلىق ئۇسۇل ئاساس قىلىنغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈ-رۈش لازىم؛ ئىشكىنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، تاشقى ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىقتىسادقا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تۈزۈلمىگە لايىقلىشىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىرىشىپ تىزگىنلەپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىت مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىل، بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك ۋە ساغلام بولۇش تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى

بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتە قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇرۇش لازىم؛ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنە تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماي كۈچەيتىپ، كەسىپنى قەدىرلەش، ئىگىلىك تىكلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك؛ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى قەتئىي بوشاشماي كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم؛ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇش — پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ ئاممىۋى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

9-بەش يىللىق پىلان بىلەن 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش- نىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا. ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزاسى يولداش گېڭ چۈەنلى بىلەن ماچجىنى نۆۋەت بويىچە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن يولداش جاڭ ۋەننيەن بىلەن چى خاۋتيەننى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، يولداش ۋاڭ كې بىلەن ۋاڭ رۈيلىننى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «يولداش چېن شىتۇڭنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى قاراپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. يولداش چېن شىتۇڭ بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شەھەر باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، خىزمەتتە ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان. بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاڭ باۋسېننىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتىدە زور جاۋابكارلىقى بار؛ ئۇ چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلەشكەن، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋە باشقا كىشىلەرنى قانۇنسىز مەنپەئەتكە ئىگە قىلغان؛ ۋەزىپە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتى جەھەتتىكى قولايلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ، قىممەتلىك سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئېغىر. ئومۇمىي يىغىن ئۇنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىدىن ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى ھەمدە قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە باشقا جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلىرى تېخى تولۇق تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ بولىنمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى داۋاملىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن پارتىيىدىكى يولداشلارنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىردى!

# باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى

## — ب د ت 4 — نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن

### چىن مۇخبىرى

ب د ت 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ، مەملىكىتىمىز تارىختىن بۇيان ئۇيۇشتۇرغان ئالغان كۆلىمى ئەڭ زور بولغان خەلقئارالىق يىغىن، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ئاياللار مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان ۋە تەدبىر بەلگىلەيدىغان چوڭ تىپتىكى خەلقئارالىق يىغىن. بۇ يىل دەل ب د ت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، شۇنداقلا ب د ت نىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەلگىلەنگەن خەلقئارا ئاياللار يىلىنىڭ 20 يىللىقى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيى مۇقەررەر ھالدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

ب د ت دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاسىيادا ئېچىلىشى ئاسىيا خەلقىنىڭ شان-شەرىپى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭمۇ شان-شەرىپى. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ساھىبخانلىقىغا سايلىنىشى جۇڭگونىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك تەييارلىقلارنى قىلالايدىغانلىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەم دۇنيا خەلقىنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يىغىننىڭ ئېچىلىشى جۇڭگو ئاياللىرى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنىڭ، غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى يىغىننى ئۈستىگە ئېلىش — دۆلىتىمىزنىڭ شان-شەرىپى، دۆلىتىمىزنىڭ ب د ت ۋە دۇنيا ئاياللىرى ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى.

ب د ت 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي تېمىسى جاراڭلىق ھەم ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىقتىن ئىبارەت. باراۋەرلىك — ھەممە ئاياللارنىڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاتنىشىشتا باراۋەر پۇرسەتكە ئىگە بولۇشىنى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن باراۋەر ئاساستا بەھرىمەن بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. تەرەققىيات — ئاياللارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات پائالىيەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىشىنى، جەمئىيەت ئاياللارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. تىنچلىق دېگەندە ئاياللارنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، زوراۋان كۈچلەرگە قارشى تۇرۇش ھەم دۇنيا مۇھىتىنى ئاسراش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ مۇھىم

رولىنى جارى قىلدۇرۇشى تەكتلىنىدۇ. باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. ئاياللار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، تىنچلىقنى قوغداش كۈرىشىگە پائال قاتناشقاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەپ، ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئەر-ئاياللار باراۋەر بولغاندىلا، ئاندىن ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشالايدۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىستىقبالى ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تىنچلىقنى ھەققىي ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق — دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئاياللىرىنىڭ ئورتاق تەلپى ۋە ئارزۇسى. ھازىر دۇنيا ئاھالىسى 5 مىليارد 700 مىليون بولۇپ، ئاياللار بۇنىڭ يېرىمىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى زىممىسىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئاۋۇتۇشتەك يۈكىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىلگىرىلىشىگە نىسبەتەن ئالاھىدە تۆھپىسى بار. شۇڭا، ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش كىشىلىك قەدىر قىممەتكە، ئىززەت-ئابرويغا، ھوقۇققا ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جەمئىيەتنىڭ قوغدىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ ئېرىشىشى كېرەك. لېكىن جىنسىي جەھەتتىكى كەمسىتىش ھېلىھەم بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئومۇميۈزلۈك مەسىلە بولۇپ، ئۇ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىي توسالغۇسى بولۇۋاتىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە تا بۈگۈنگىچە ئاياللارغا قارىتا كەمسىتىش خاراكتېرلىك قانۇن ماددىلىرى، قائىدە-نىزاملار مەۋجۇت. بەزى دۆلەتلەردە ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىگە پايدىلىق بولغان قانۇن ماددىلىرى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قانۇن ماددىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئەمەلىيەتتىكى جىنسىي كەمسىتىش يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىشلىرىدا ئاياللار ھەمىشە چەتكە قېقىلىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بەرگەن شۇنىڭدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلىشىپ كەتكەن چاغلاردا، ئاياللار ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىشنىلا مىسالغا ئالساق، گەرچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىدا زور پەرق بولسىمۇ، شۇنىسى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشايدۇكى، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش دەرىجىسى ئەرلەرنىڭكىدىن روشەن ھالدا تۆۋەن بولۇپ، ئەر-ئاياللار ئوخشاش ئىشلەپ ئوخشاش ھەق ئالالماسلىق ئەھۋاللىرى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. پۈتۈن يەرشارىدا 960 مىليون ساۋاتسىز ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئاياللار ئىگەللەيدۇ. ئىرقچىلىق، ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە ئۇرۇش دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت سالغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەممىدىن بەك ئازاب-ئوقۇبەت چېكىدىغىنى، ھەتتا جىسمانىي بىختەرلىكىمۇ كاپالەتسىز قالىدىغىنى يەنىلا ئاياللاردۇر. شۇڭا، باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق ھەرقايسى ئەل ئاياللىرىنىڭ ئورتاق نىشانى.

باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق كۈنسايىن خەلقئارا ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ نىشانى ۋە ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىققا ئىنتىلىشى ئېغىزدىلا توختاپ قالىدىغان ئەھۋال تۈگىدى، دۆلەت، مىللەت ۋە تۇرمۇش ساھەسىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىرلىشىپ باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىۋاتقان ئاياللار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. دۇنيا ئاياللىرىنىڭ تۈرلۈك تەشكىلاتلىرى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، ھۆكۈمەتكە، يېرىم ھۆكۈمەتكە تەۋەلىرىدىن باشقا يەنە خەلق تەشكىلاتلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتىدا ئەسلىدىكى ئاياللار ئورنى كومىتېتىدىن باشقا يەنە ب د ت ئاياللارنى كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى، ب د ت ئاياللار ئورنىنى ئۆستۈرۈش خەلقئارا تەتقىقات-تەربىيە ئورنى، ب د ت ئاياللار تەرەققىياتى فوندى قاتارلىق مەخسۇس ئاياللار ئورگانلىرى ۋە بىر قىسىم دۆلەت، رايوندىن ھالقىغان خەلقئارالىق ئاياللار تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. دۇنياۋى ئاياللار ھەرىكىتى ئالاقىدار خەلقئارا ئەھدىنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. 1981-يىلى كۈچكە ئىگە بولغان «ئاياللارغا قارىتىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نى ئالساق، ئۇ مەزمۇنى تولۇق، تەسىرى كەڭ بولغان بىر خەلقئارالىق قانۇنىي ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر 100 دىن ئارتۇق دۆلەت تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ «ئەھدىنامە»گە كىردى. دۇنيا ئاياللىرى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلدى. مەسىلەن، 1975-يىلدىكى «خەلقئارا ئاياللار يىلى»، 1976-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان «ب د ت ئاياللار 10 يىللىقى» ھەم خەلقئارا ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مۇھىم بىرلەشمە ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيا ئاياللىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان جۇڭگو ئاياللىرى باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىپلا قالماي، بەلكى دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كونا جۇڭگودا ئۇزاق مەزگىلگىچە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئېزىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن ھوقۇقسىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىللىكى، نىكاھ جەھەتتە ئەركىنلىكى بولمىغانىدى. نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلغان فېئودال پاترىئارخاللىق تۈزۈم ئاستىدا جۇڭگو ئاياللىرى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ئېزىلدى ۋە ئاياغ ئاستى قىلىندى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىلا، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاياللارنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى فېئودالىق جەمئىيەتنىڭ ئېزىشىگە، قۇل قىلىشىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراش تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، كەڭ ئاياللار پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە يېڭى جۇڭگونىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ”ئاياللار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى ھايات ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇققا ئىگە“. مەملىكىتىمىز ئېلان قىلغان «نىكاھ قانۇنى»، «سايلام قانۇنى»، «مىراس قانۇنى»، «مەجبۇرىي تەلىم-تەربىيە قانۇنى»، «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق مۇھىم قانۇنلاردا ئاياللارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بولۇپمۇ 1992-يىلى ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»دا ئاياللارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، تەلىم-تەربىيە، ئەمگەك، مال-مۈلۈك، شەخسىيەت، نىكاھ-ئائىلە قاتارلىق تەرەپلەردىكى ھوقۇق-مەنپەئىتى ھەققىدە بۇرۇنقى قانۇندىكىدىنمۇ بەكرەك ئەتراپلىق، كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى جۇڭگو ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتى تارىخىدىكى بىر نامايەندە بولدى، ئۇ بۇندىن كېيىنكى ئاياللار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغ پروگراممىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ب د ت نىڭ «ئاياللارغا قارىتىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» بويىچە ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا،

ھۆكۇمىتىمىز يەنە 40 نەچچە مەمۇرىي قانۇن-قائىدە ۋە نىزامنى ئېلان قىلدى، يەرلىك ھۆكۇمەتلىرىمىز 80 نەچچە يەرلىك قانۇن-قائىدىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى ماددىلار ئېنىق بەلگىلەنگەن. دېمەك، جۇڭگودا ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاساسىي قانۇننى ئاساس، ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بىر يۈرۈش قانۇن سىستېمىسى شەكىللىنىپ بولدى. جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر قانۇنىدا ئاياللارنى كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى ماددىلار مەۋجۇت ئەمەس.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۇمىتى ئاياللارنىڭ ھۆكۇمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى، ھۆكۇمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىنى جۇڭگودىكى دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. ئاياللارنىڭ ھۆكۇمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۇمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۇمەت كۆپ قېتىم ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، يىغىن چاقىرىپ، ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش پىلانىنى بېكىتتى، ئاياللارنىڭ ھۆكۇمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش نىشانىنى بەلگىلىدى. جۇڭگو قانۇنىغا ئاساسەن ئاياللار ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھالدا سىياسىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، تۈرلۈك يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ھەم باراۋەر ھالدا سايلاش-سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. 1953-يىلىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئاساسىي قاتلام خەلق ۋەكىللىرى سايلىمىدىن باشلاپ، ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتا ئاياللارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. 1993-يىلى 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ئايال ۋەكىللەرنىڭ سانى 626گە يېتىپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 21.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 283 ئايال ئەزاسى بولۇپ، بۇ، ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ 13.52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بىر نەپەر ئايال دۆلەتنىڭ مائاۋىن رەئىسى، پەخرىي رەئىسى، ئىككى نەپەر ئايال دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى بولدى. ھازىرغىچە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىچىدە ئاياللار 32.44 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، گوۋۇيۈەندە ئايال مىنىستىر ۋە مۇئاۋىن مىنىستىردىن 16سى، مەملىكەت بويىچە ئايال ئۆلكە باشلىقىدىن 18ى بار. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 517 شەھەردە، 300 دىن ئارتۇق ئايال شەھەر باشلىقى ۋە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلاندى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە، ئۇنىڭ 55 مىليون ئەزاسى ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى 8 مىليوندىن ئاشىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئاياللار پارتىيە ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

جۇڭگو ھۆكۇمىتى ئاياللارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قالتىس ئۈنۈملەرنى ھاسىل قىلدى. ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، نۆۋەتتىكى ئومۇمىي سانى 246 مىليونغا يەتتى، بۇ جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ئەمگەكچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 44 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، دۇنيادىكى ئوتتۇرىچە نىسبەت 34.5 پىرسەنتتىنمۇ يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر-بازارلاردىكى ئايال ئىشچى-خىزمەتچى 56 مىليون بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى، يېزىلاردىكى ئايال ئەمگەك

كۆچلىرى يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ بولدى. خەلق ئىگىلىكىدىكى 12 كەسىپ ئىچىدە ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى بىر مىليوندىن يۇقىرى بولغان كەسىپتىن توققۇزى، جۈملىدىن سانائەت، قۇرۇلۇش، قاتناش-ترانسپورت، سودا، سەھىيە، مەدەنىيەت-مائارىپ شۇنداقلا پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات قاتارلىقلار بار. يېزا ئاياللىرىمۇ نوقۇل ھالدا تېرىقچىلىق قىلىشتىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، قاتناش-ترانسپورت قاتارلىق كەسىپلەرگە ئۆتۈپ كەسىپ دائىرىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتتى. ئەر-ئاياللار ئوخشاش ئىشلەپ ئوخشاش ھەق ئېلىش پرىنسىپى ئاساسىي جەھەتتىن يولغا قويۇلۇپ، ئاياللارنىڭ كىرىم ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى ياخشىلاندى. 1990-يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شەھەرلەردىكى ئەر-ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 193.15 يۈەن ۋە 149.60 يۈەن، يېزىلاردىكى ئەر-ئاياللارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1518 يۈەن ۋە 1235 يۈەن بولدى. 1989-يىلى ۋە 1991-يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشەببۇسى، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك-كومىتېتلارنىڭ قوللىشى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك، داغدۇغىلىق ھالدا قانات يايدۇرۇلغان، "ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش (مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، نەتىجىدە بەسلىشىش، تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشىش) ۋە "ئاياللار خىزمەت كۆرسىتىش"، "ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش" روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 10 يىللىق پىلانىنى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە يارىتىش مەزمۇنىدىكى مۇسابىقە پائالىيىتى جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدىكى "يېرىم دۇنيا"لىق رولىنى نامايان قىلدى. "ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش" پائالىيىتى ئاساسەن يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە 120 مىليون يېزا ئايالى قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 90 مىليون ئايال ھەرخىل ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەندى، 23 مىليون 30 مىڭ ئايال ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، 510 مىڭ ئايال دېھقان تېخنىك ئۇنۋانىغا، 15 مىڭ ئايال ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلغار ئايال ماھىر دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە 37 مىليون 760 مىڭ شەھەر ئايالى "ئاياللار خىزمەت كۆرسىتىش" پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 4672 ئايال ئۆلكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك "ئاياللار خىزمەت كۆرسىتىش ئۈلگىسى" دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئاياللار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش داۋامىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاياللارنىڭ تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، مۇنتىزىم مائارىپتا، تەدبىر قوللىنىپ ئاياللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتى ۋە يۇقىرى مەكتەپكە كۆچۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ بىر قىسىم چەت، نامرات رايونلار ۋە ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا قىز ئۆسمۈرلەر سىنىپى ۋە قىزلار مەكتىپىنى ئېچىش، ھەقسىز ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئاياللارنىڭ تەربىيە ئېلىشىدىكى توسالغۇلارنى تىرىشىپ تۈگەتتى. 1993-يىلىغا كەلگەندە، جۇڭگودىكى ئايال پەن-تېخنىكا خادىملىرى سەككىز مىليوندىن ئېشىپ، پەن-تېخنىكا خادىملىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى. ئانىلار ۋە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ساھەسىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 2 مىليون 270 مىڭغا يېتىپ، تىببىي خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جۇڭگو ئاياللىرى جەمئىيەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ۋە ئەخلاقىنى ئالغا سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتلەردىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان رولنى جارى قىلدۇردى. جۇڭگودا، مۇھەببەتنى ئاساس قىلغان، ئەر-ئايال باراۋەر بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇش مەملىكىتىمىز ئائىلىلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى.

بىز ئەزەلدىنلا، ئاياللار دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ، دەپ قاراپ كەلدۇق. تىنچلىق دۇنيانىڭ ئىستىقبالىغا ھەم ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئاياللىرى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، جاھانگىرلىككە، يېڭى-كونا مۇستەملىكىچىلىككە، زومىگەرلىككە، ئىرقچىلىققا، فاشىزمغا ھەم تۈرلۈك شەكىلدىكى تېرروررچىلىققا قارشى تۇرۇش يولىدا ھارماي-تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1971-يىلى جۇڭگونىڭ ب د ت دىكى قانۇنىي ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ب د ت سىستېمىسىنىڭ ئاياللار ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەش قېتىم ب د ت ئاياللارنىڭ ئورنى كومىتېتىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ سايلاندى، ئۇدا تۆت قېتىم ب د ت ئاياللارنى كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. جۇڭگو ئاياللىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئاياللار تەشكىلاتلىرى ھەم ئايال زاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى پائال قويۇۋېلاشتۇرۇپ، تىنچلىق ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 130 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىكى 480گە يېقىن ھۆكۈمەتكە قاراشلىق ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئاياللار ۋە باللار تەشكىلاتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ب د ت باللار فوند جەمئىيىتى ۋە ب د ت ئاياللار تەرەققىيات فوندى قاتارلىق ئورگانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، 700 دىن كۆپرەك ھەمكارلىق تۈرىنى يولغا قويۇپ، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى، جۇڭگودىكى 30 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ھەمكارلىق تۈرى بارلىققا كەلدى. ھەمكارلاشقان تۈرلەرنىڭ مەزمۇنى يېزا ئاياللىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش ۋە ئۇلارنى ئەمەلىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، شەھەرلەردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش ئاياللارنى تەربىيىلەش، مەكتەپ يېشىدىن ئىلگىرىكى تەربىيە ئوچۇن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئانىلار ۋە باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ھەمدە ئائىلە تەربىيىسى ساۋادىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە "ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش تۈرى" ب د ت ئاياللار تەرەققىيات فوندىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1980-يىلدىن بۇيان، جۇڭگو 50 دۆلەتتىكى ئايال ۋە باللار تەشكىلاتلىرىغا 101 تۈركۈم ماددىي بۇيۇم بىلەن ياردەم قىلدى، كۆپ قېتىم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە خادىملارنى ئەۋەتىپ تېخنىكا ئۆگىتىپ، ئاياللىرىنى تەربىيىلەپ بېرىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدە جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ دوستى بار.

كۆرستىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، خەلقئارادا بەزىبىر يامان نىيەتلىك كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، ئېلىمىزدىكى ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئۆكتەملىك بىلەن ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشتى. ئۇلار بىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە كۆز يۇمۇپ، خالىغانچە تۆھمەت چاپلىدى ۋە ھۇجۇم قىلدى، بىز بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز. جۇڭگو ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭگودا كىشىلىك ھوقۇقى ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى تولۇق نامايان

قىلدى. كىشىلىك ھوقۇقى، ئالدى بىلەن، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى، ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىز دۇنيا تېرىلغۇ يېرىنىڭ 7 پىرسەنتى بىلەن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 22 پىرسەنتىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئەزەلدىن ھازىرقىدەك يۇقىرى بولۇپ باققان ئەمەس. مانا بۇ ئاددىيغىنە پاكىت ھېلىقىدەك مەملىكىتىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەھۋالىغا، مەملىكىتىمىز ئاياللىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئەھۋالىغا نومۇسسىزلارچە قىلىنغان تۆھمەت ۋە سەپسەتىلەرگە تولۇق رەددىيە بېرەلەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئالغا سۈرگەنلىكىمىزنى كىشىلىك ھوقۇقنى ئارقىغا چېكىندۇرگەنلىك دەپ بۇرمىلىدى، بىزنىڭ ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغانلىقىمىزنى كىشىلىك ھوقۇققا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق دەپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن، ئاق-قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بۇ گەپ-سۆزلىرى ئۇلارنىڭ يامان غەرەزدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاشتىن باشقا يەنە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسۇن؟

بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاياللارنى دۆلەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا گوۋۇيۈەن «جۇڭگو ئاياللىرى تەرەققىيات پروگراممىسى» (1995-يىل — 2000-يىل)نى ئېلان قىلدى. «پروگراما» دا جۇڭگو ئاياللار ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئالتە يىلدىكى ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي نىشانى بەلگىلەندى، مۇناسىپ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ پروگراما مەملىكىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئاياللار ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. «پروگراما»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، ئاياللارنىڭ تۈپ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كەڭ ئاياللارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى ئۇلۇغ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە، بىز ھۆكۈمەتكە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ماسلىشىپ، جەمئىيەتكە «پروگراما»نىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى، ئاياللارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى ئورنى ۋە رولىنى، كەڭ ئاياللارنىڭ ”ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش“ روھىنى، تۈرلۈك مۇنەۋۋەر ئاياللارنىڭ تېپىك پائال تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «پروگراما» دىكى نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

1. ئاياللارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، ئاياللارنىڭ ساپاسى ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە ئورنىنىڭ ئۆسۈشىگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. نۆۋەتتە، ئېلىمىز ئاياللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن، ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش نىسبىتى ھېلىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن؛ ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى ئەمەس، بەزى چەت-ياقا، نامرات رايونلار ۋە بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ساۋاتسىز ئاياللار بىرقەدەر كۆپ؛ ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قابىلىيىتى،

www.uyghurkitap.com

باشقۇرۇش بىلىمى تېخى خىزمەت ئورنىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كەسپىي تاللىشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئەرلەرنى ئەتىۋارلاپ، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار، ئەرلەر خوجايىن، ئاياللار قۇل دەيدىغان فېئوداللىق ئاڭ-پىكىر بىر قىسىم كىشىلەردە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ساپانى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاڭ سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كەڭ ئاياللارنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىلىۋېلىشقا، ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، توغرا كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاق-خىسلەتنى تىكلەشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيەنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق توسۇش كېرەك. تېخنىكا كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تىرىشىپ ئۆز كەسپىنىڭ ئەھلى ۋە ماھىرلىرىدىن بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئايلىنىپ، ئاياللارنىڭ سىياسىي، پەن-تېخنىكا، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

2. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا پائال ئاتلىنىش كېرەك. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىش ئاياللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىشنىڭ توغرا يولى. كەڭ ئاياللار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىشى، ئىسلاھات داۋامىدا ئاياللار دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەت، دۆلەت مەنپەئىتىنى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتقا بولغان ئىشەنچىسىنى چىڭىتىشى كېرەك. شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكى ئودا، مۇقىم راۋاجلانغانلىقى ئۈچۈنلا كەڭ خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن ئاياللار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي نەپكە ئىگە بولدى، شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يول ئېچىپ بەردى، يېڭى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇڭا كەڭ ئاياللار ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، پائال ئىزدىنىش، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يېڭى يولدا مېڭىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

3. ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەملىكىتىمىز زېمىنى كەڭ بولغانلىقتىن، جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، شەھەر بىلەن يېزا، دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن كونا ئازاد رايونلار، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلار ئوتتۇرىسىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردىكى پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ، بەزى جايلاردا يەنە تېخى ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان يېڭى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. شۇڭا «ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىگە

دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇشكۇل ۋەزىپە. ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئاياللارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاياللارنى قوغدايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشقا تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىپ، ئىشنى بىرلىكتە تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى رەزىل ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇش ۋە ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنى پاكلاشتۇرۇش كېرەك.

4. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرلەشكەن ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەشكىلاتى، ئۇ كەڭ ئاياللار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە تەربىيىلەپ، باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش—ئاياللارنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ”ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش“، ”ئاياللار خىزمەت كۆرسىتىش“ قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

بەزىلەر ئاياللار مەسىلىسى ئاياللارنىڭ ئۆز ئىشى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش ئەتراپلىق ئەمەس. ئاياللار مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا موھتاج، بۇ ئىشتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشلامچىلىق بىلەن ماركسىزملىق ئاياللار قارىشىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە ئەمەلىيەتچىسى بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاياللار ۋە بالىلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدىغان ھەمدە كەڭ ئايال يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىدىغانلا بولساق، چوقۇم مەملىكىتىمىز ئاياللىرىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەلەيمىز. جۇڭگو ئاياللىرى باراۋەرلىك، تەرەققىيات ۋە تىنچلىق يولىدىكى ئىزدىنىشى داۋامىدا چوقۇم پۈتۈن دۇنيا ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ.

جۇڭگو ئاياللار ئازادلىق ھەرىكىتىدە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ھەمدە بۇ جەھەتتە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ ئورنى دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىماقتا ۋە كەڭ كۆلەمدە ئالقىشلانماقتا. مۇشۇنداق دۆلەت دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ساھىبخانى بولۇشقا مۇناسىپ. بىز ب د ت 4-نۆۋەتلىك دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلىق قىلدۇق، پۈتۈن مەملىكەت ئاياللىرى بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە! قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشمىز!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك*

خۇ جىنتاۋ

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى، يېڭى تارىخىي مەجبۇرىيەتنى تېخىمۇ ئوبدان زىممىسىگە ئېلىشى جەھەتتىكى بەزى كۆز قاراشلىرىم ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي مەجبۇرىيەتنى تولۇق تونۇپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى لازىم

پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن پارتىيىۋىلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، پارتىيىۋىلىك سىنىپىيلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلۈشى. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، سىنىپ مەۋجۇت بولغانلىكى جەمئىيەتتە ھەرقانداق بىر پارتىيە مەلۇم سىنىپقا ياكى مەلۇم تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلاتتۇر. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان پارتىيە ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم سىنىپ ئىگە بولغان تۈپ ئالاھىدىلىك ئۆز پارتىيىسىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پارتىيىۋىلىكى نېمىدىن ئىبارەت؟ جۇڭگو كومپارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارتى، بىزنىڭ بۇ پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىيلىكىنىڭ ۋە سىنىپىي مەنپەئىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. لېكىن مۇشۇ سىنىپنىڭ ئاۋانگارتى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىقلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە يۈكسەلدۈرۈلىدىغان، پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەيدىغان، تارىخنىڭ داۋاملىق ئىلگىرى سىلجىشىغا تۈرتكە بولىدىغان رەھبىرىي يادرو كۈچتۇر. پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئۇ، ھەم پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە، تۈپ مەقسىتىدە، كۈرەش قىلىش پروگراممىلىرىدا، لۇشيەن سىياسەتلىرىدە، تەشكىلىي پرىنسىپلىرىدا، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، ھەم كەڭ

* بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1995-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنى مەركىزىي ئورگانلاردىكى مىنىستىر (كومىتېت) ئىدارە (مەھكىمە) دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا سۆزلىگەن پارتىيە دەرسىنىڭ ئۇنى ئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن رەتلەندى.

www.uyghurkitap.com

كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ غايە-ئېتىقادىدا، ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا، ئەخلاق-پەزىلىتى-دە ۋە ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. روشەن پارتىيىۋىلىكتا ئىگە بولۇش يارامىلىق كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشتىكى ئاساسلىق بىر مەسىلە، يارامىلىق رەھبىرىي كادىر بولۇشتىكى تېخىمۇ ئاساسلىق بىر مەسىلە. پارتىيە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە ئۆزلۈكىدىن رىئايە قىلىدىغان، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپقا ئاساسەن ئۆزىگە ھەققىي تەلەپ قويىدىغان كىشىلەرلا پارتىيىگە كىرەلەيدۇ. پارتىيىگە كىرگەن يولداشلار پارتىيە نىزامنامىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپنى ئۆز ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىشى ھەممە مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئۆزىنى دائىم چەكلەپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش-قىلماسلىق بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا پارتىيىۋىلىكنىڭ بار-يوقلۇقىنى ۋە پارتىيىۋىلىكنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق بەلگە، شۇنداقلا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ مۇنەۋۋەر بولغان-بولمىغانلىقىنى سىنايدىغان ئەقەللىي شەرتتۇر.

پارتىيىمىز — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە ھەمىشە دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنىڭ مۇھىم نۇقتا ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆز سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بەردى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىلا يولداش ماۋ زېدۇڭ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى ماركسىزم-لېنىنىزمدىن خەۋەردار بولۇشى، سىياسەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشى، خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، قۇربان بېرىش روھىغا باي، مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھەل قىلالايدىغان، قىيىنچىلىق داۋامىدا تەۋرەنمەيدىغان، مىللەت ئۈچۈن، سىنىپ ئۈچۈن، پارتىيە ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەلەپتۇر. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، مۇشۇ تەلەپكە ئاساسەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىمىز تۈركۈم-تۈركۈملەپ مۇنەۋۋەر رەھبىرىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىش مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. 1978-يىلىنىڭ ئاخىرى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا چاقىرىلغان مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت يىغىنىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك" دېگەن ماۋزۇدا مۇھىم سۆز قىلدى، بۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "پارتىيىۋىلىكنى، پرىنسىپنى قايرىپ قويۇپ، "سۇنىڭ ئېقىشى"غا، "شامالنىڭ يۆرۈشى"گە قاراپ سۆزلەش ۋە ئىش قىلىش، شۇنداق قىلساق خاتالىق ئۆتكۈزمەيمىز، دەپ ئويلاش ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، شامالغا قاراپ ئېغىشنىڭ ئۆزى كوممۇنىستلارنىڭ پارتىيىۋىلى-كىگە خىلاپ كېلىدىغان زور خاتالىق." 1980-يىل 2-ئايدا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ

5-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان»دا پۈتۈن پارتىيىدە-كى يولداشلارغا پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇش، گۇرۇھۋازلىقنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش كېرەك، دەپ ئالاھىدە تەلەپ قويۇلدى. 1983-يىل 10-ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: "بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى، پارتىيىنىڭ نىزامنامىسىگە ۋە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى كېرەك"، "پارتىيە ئەزالىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ئارقىلىق كۈچىيىدۇ. پۈتۈن پارتىيىنى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە روھىي ھالەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالغا ئىلگىرىلىتىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئېڭىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاش كېرەك." ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كەلدى. پارتىيە 13-نۆۋەت-لىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلارمۇ مۇشۇ مەسىلىنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن 1989-يىل 11-ئايدا «پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە» توغرىسىدا قىلغان سۆزىدە، يەنە شۇ يىلى 12-ئايدا «پارتىيىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئاۋانگارتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى» دېگەن ماۋزۇلۇق سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەربىيىنى چوڭقۇم ئىزچىللاشتۇرۇش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى مارك-سىزملىق دۇنيا قاراش، مېتودولوگىيە ئارقىلىق قۇراللاندۇرۇش لازىم. 1990-يىل 3-ئايدا، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»دا پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردىن پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن ئالاقىسىنى ساقلاشنى پارتىيىۋىلىك يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇش تەلەپ قىلىندى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاممىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش تۈپ مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى، پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى دەپ كۆرسىتىلدى. 1992-يىلى ئېلان قىلىنغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەكتىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دا پارتىيە مەكتەپلىرى "ماركسىزم نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىش، ئۇنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇش" كېرەك دەپ تەكىتلەن-دى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىمۇ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلەش مەسىلىسى تەكىتلەندى، بۇنىڭدا پارتىيە ئازالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋى-لىكنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش، چىن دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئاممىغا باشلامچى بولۇپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئەمەلىي تۆھپە قوشىدىغان ئىلغارلاردىن بولۇپ چىقىش تەلەپ قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ تارىخنى قىسقىچە ئەسلىشىمدە، شۇنىڭدەك يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى نۇرغۇن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشىمدە كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھمىيەت بېرىشى مەقسەت قىلىنغان. بولۇپمۇ شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىشى — پارتىيىمىزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يېڭى مۇھىتتا، ئۇلۇغ تارىخىي مەجبۇرىيەتنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەلىپى. تۆۋەندە نېمە ئۈچۈن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەش كېرەك دېگەن مەسىلىنى بىرنەچچە جەھەتتىن بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، پارتىيىمىز ئۈستىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپە بىزدىن پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا يېڭى بىر مەيدان ئۇلۇغ ئىنقىلاب. ھازىر، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق دەۋردە تۇرماقتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئىسلاھات چوڭقۇر قانات يېيىۋاتىدۇ، باشقا جەھەتتىكى شۇنىڭغا ماسلاشقان ئىسلاھاتلارمۇ تېز ئېلىپ بېرىلماقتا. بىز ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، چوڭقۇر قاتلاملىق نۇرغۇن زىددىيەتلەر كۆندىن-كۈنگە ئاشكارىلىنىپ چىقماقتا. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئىشلىرىمىز خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن، تارىخ ئېقىمىغا ئۇيغۇن ئىشلار بولۇپ، كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتەلەيمىز. بىراق ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا قىيىنچىلىقلارنىڭ بولماسلىقى، ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ تارىخىي ئېقىمى خۇددى دولقۇننىڭ قوينى چايقىغىنىدەك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەرنى ۋە مۇنەۋۋەر رەھبىرىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ۋە داۋاملىق يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرنىمۇ ئاشكارىلاپ قويدى ۋە سەپتىن شاللاپ چىقىرىۋەتتى. دەۋرنىڭ ئالدىنقى سېپىدە قەتئىي تۇرۇپ، مۇشۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە ياخشى رەھبەرلىك قىلىش - قىلالماسلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ئالدىدىكى قاتتىق سىناقتۇر. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك، سەپىتى يۇقىرى، پارتىيىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدىغان رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىغا ئىگە بولغاندىلا، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلالايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى تاماملىشىدىن تېخىمۇ زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىشلار مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلماقتا. بۈگۈنكى دۇنيا چوڭقۇر تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزە ئاياغلىشىپ، كۆپ قۇتۇپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. خەلقئارادا تۈرلۈك چىگىش-مۇرەككەپ زىددىيەتلەر، تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر يېڭىباشتىن بۆلۈنۈپ بىرىكمەكتە، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىك بىر گەۋدىلىشىش، رايونلىشىش ۋە گۇرۇپپىلىشىش تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېزلەشمەكتە، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىمۇ كۈندىن كۈنگە كەسكىنلەشمەكتە. يېڭى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئەندىزە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى كەسكىن سىناقلارغىمۇ يۈزلەندۈردى، تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگىمۇ ئىگە قىلدى. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىللە ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ئۆز-ئۆزىمىزگە خوجا بولۇشتىن ئىبارەت تىنچلىق-دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق خەلقئارا موھىتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، غەرپتىكى بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى خالىمايدۇ، ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقى، تامۇژنا بېجى-سودا ئومۇمىي كېلىشىمى تۈزۈشكەن دۆلەتلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ۋە تەيۋەن، شىزاڭ مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، بىزنى چەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ، ئۇلار يەنە چىرىتىش، ئۆزىگە تارتىش، سىڭىپ كىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، بىزنىڭ ئىچكى قىسمىمىزدا گۇماشتا ئىزدەش ۋە يېتىشتۈرۈش، بىزنى ئىچكى جەھەتتىن ”پارچىلاش“، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونى ”غەرپچىلەشتۈرۈش“ مەقسىتىگە يېتىش كويىدا بولىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن پارتىيە. بىز دادىللىق بىلەن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتتۇق، يەنە تېخى ئىشىكنى سىرتقا داۋاملىق كەڭ ئېچىۋېتىمىز، بۇ ھال بىزنىڭ ئۆز پارتىيىمىزنىڭ كۈچ قۇدرىتىگە تولۇق ئىشەنچە باغلىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىشنىڭ ھالقىسى شۇ يەردىكى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ساقلىشى، باشتىن ئاخىر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ”جاھانگىرلار تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى يولغا قويۇشتا بىزدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە ئۈمىد باغلىماقتا“ دەپ كۆرسىتىپ، بىزدىن ئارمىيىدىكىلەرگە، دىكتاتۇرا ئورگانلىرىدىكىلەرگە، كومپارتىيە ئەزالىرىغا، خەلققە ۋە ياشلارغا ئوبدان تەربىيە بېرىشىمىزنى بولۇپمۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر مەنىلىك ۋە سەممىي بولۇپ، كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەۋاتقان ”بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەر“ بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز چوقۇم بۇ سۆزنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئۆچنچى، رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پارتىيىۋىلىك جەمئىيەتنى چىنىقىشنى كۈچەيتىش جىددىي زۆرۈر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىمىز ياخشى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئەگەر ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورنىدا تىرىشىپ خىزمەت قىلمىغان بولسا، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە توغرىلىق قارارلىرىنى پائال ئىجرا قىلمىغان بولسا، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا بۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تەيىنلەنگەن بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئىدىيە جەھەتتە بىرقەدەر جانلىق، كەسپىي بىلىمگە ئىگە، يەنە باشقا ئارتۇقچىلىقلارغىمۇ ئىگە. لېكىن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا يەنە خېلى بىر قىسىم يولداشلار سىياسىي جەھەتتە، كەسپىي سۈپەت ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدار جەھەتتە، بولۇپمۇ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىش جەھەتتە يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئاجىزلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئاشكارىلىماقتا. شۇنىمۇ تونۇش كېرەككى، كۈچلۈك پارتىيىۋىلىككە ئىگە بولۇش يۇقىرى سۈپەتلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتىدۇر. بىر كادىر پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇپ، باشقا سۈپەت جەھەتتە يېتەرسىز بولسا، ئۇنى تولۇقلاش بىر قەدەر ياخشى بولىدۇ؛ ئۇ سۈپەت جەھەتتە ياخشى بولغان بىلەن پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن كۈچلۈك بولمىسا چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئەگەر پارتىيىۋىلىكنى يوقىتىپ قويسا، ھەتتا ئەكس تەرەپكە مېڭىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىقتىدارى قانچە چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭ ئەكس رولىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق - نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تاقىلىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشقىمۇ مۇناسىۋەتلىك. پارتىيىۋىلىك پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان پارتىيە ئەزالىرى قانچە كۆپ بولسا، پارتىيىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولى شۇنچە تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىكەن يولداشلار كۆپ بولغاندا پۈتۈن پارتىيىگە تېخىمۇ ياخشى باشلامچىلىق قىلىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىز تارىخ يۈكلىگەن ئۇلۇغ ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئوبدان زىممىسىگە ئالالايدۇ.

## سىياسىيونلارنىڭ سۈپەت تەلىپى بويىچە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئوبدان ھەل قىلىشتىكى گەۋدىلىك مەسىلە

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»دا پارتىيىمىز دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىش ئاساسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ”دۇنيادا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، جۇڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشلەك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھازىرقى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشتە، پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تولۇق خەۋپ-خە-

تەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، بۇ — يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى باشلاپ بەرگەن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش." بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىزچىل ئىلگىرىلىتىپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندىلا، پارتىيىمىز ئالدىن نۆۋەتتىكى ئۇلۇغ يېڭى ئىنقىلابقا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي يىغىننىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ تۇمەنلىگەن ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەربىيىلەش ۋە چېنىقتۇرۇش، بولۇپمۇ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ياش كادىرلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولغان، قابىلىيەتلىك-تەجرىبىلىك بولغان ھەم ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان رەھبەرلىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈش شەرت.

يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاساسلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشى، سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ، بولۇپمۇ سىياسىي سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭلاشقا مۇشۇ قاتلامدىكى كادىرلارغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇش كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بىلىملىك بولغان، كەسپىنى بىلىدىغان، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان كەسىپ ئەھلى بولۇشقىلا تىرىشىپ قالماي، ئالدى بىلەن ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان سىياسىيونلاردىن بولۇشقىمۇ تىرىشىشى لازىم. ئۇلار چىڭ سىياسىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشى، مېڭىسىنى باشتىن-ئاخىر سەگەك تۇتۇشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشى، ھەرخىل بوران-چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇلار نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى، دۆلەت ئەھۋالىنى پىششىق بىلىشى، دۇنيانى چۈشىنىشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىق يارىتىشى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى لازىم؛ كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇشى، پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلىشى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ئادىل-ۋىجدانلىق بولۇشى، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويىدىغان بولۇشى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك؛ بىرقەدەر كۈچلۈك رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، رەھبەرلىك سەنئىتىگە دىققەت قىلىدىغان، پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىدى-

غان، ئومۇمىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بولۇشى، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم؛ ئىسىل ئىستىلغا ئىگە بولۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، كەمتەر ئېھتىياتچان بولۇشى، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشى، چىن دىل-سەممىي نىيەت بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى كېرەك. مانا بۇ تەلەپلەر ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر ماددىسىدا دەۋرنىڭ تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، پارتىيىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شۇنداقلا روشەن پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلغان. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى، تەشكىلىي كۆز قارىشى، خىزمەت ئىستىلى، ئەخلاق-پەزىلىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىيىتىگە دائىم بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىيونلارغا قويىدىغان تەلىپىنى ماددا بويىچە قايتا تەكرارلاپ تۇرۇشى، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ئارتۇقچىلىقلارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىشى كېرەك. نۆۋەتتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە گەۋدىلىك مەسىلىنى تونۇش ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن نۇقتىلىق ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك.

**1. توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، قىلچىمۇ تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىش مەسىلىسى**

سىياسىي يۆنىلىش مەسىلىسى ئالدى بىلەن سىياسىي غايە ۋە سىياسىي ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر. مۇستەھكەم سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تىكلەش، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىكەنلىكىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتى ھامان تەرەققىي قىلىدۇ، ئالغا باسىدۇ. جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال ئىزدىنىش، تىرىشىپ كۈرەش قىلىش دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بارلىق ئىلغار سىياسىي كۈچلەر ۋە ئىلغار كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. پارتىيىمىز قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي كۈرەش نىشانى قىلغانىدى. بۇ ئالىيجاناپ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نەچچە ئەۋلاد كوممۇنىستلار دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ۋە سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىقتىن، ئەگرى-توقايلىقتىن قورقماي، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سۈپەت جەھەتتىن سەكرەش ھاسىل قىلىشىغا تۆرتكە بولدى، ھازىر كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىدۇ. ئىشلىرىمىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۈمىدكە تولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ كوممۇنىستىك غايىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىشىمىزدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن. 80-يىللارنىڭ ئاخىرى 90-يىللارنىڭ بېشىدا سوتسىيالىزم ئىشلىرى بەزى دۆلەتلەردە ئېغىر ئەگرى-توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمچى سىياسىيونلارغا خاس ئۆتكۈر نەزەر ۋە شىجائەت بىلەن ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، بايرىقى روشەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا ماركسىزمنى ياقلايدىغانلار كۆپىيىپ بارىدۇ، چۈنكى ماركسىزم — پەن. ماركسىزم

تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتبىق قىلىش يولى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى. فېئوداللىزم جەمئىيىتى قوللۇق جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى باستى، كاپىتالىزم فېئوداللىزمنىڭ ئورنىنى باستى، سوتسىيالىزم ئۇزاق بىر تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مۇقەررەر يوسۇندا كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. بۇ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشى، لېكىن يول ئەگرى-توقاي بولىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ فېئوداللىزمنىڭ ئورنىنى بېسىش ئۈچۈن كەتكەن نەچچە يۈزيىلدا خاندانلىق قايتا تىرىلدىغان ئىش نەچچە-نەچچە قېتىم يۈز بەرمىگەنمىدى؟ شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم بىر خىل ۋاقىتلىق تىرىلىشمۇ تامامەن ساقلانغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەتلىك ھادىسە. بەزى دۆلەتلەردە ئېغىر ئەگرى-توقايلىقلار كۆرۈلدى، سوتسىيالىزم گويا ئاجىزلاشتۇرىۋېتىلگەندەك قىلغىنى بىلەن خەلق چېنىقىپ، ساۋاق ئېلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا ئالاقزادە بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، ماركسىزم يوقالدى، كاردىن چىقتى، مەغلۇپ بولدى دەپ قارىماسلىق كېرەك. نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن!» ئەمەلىيەت ئەڭ زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. 1989-يىلدىن ھازىرغىچە بولغان ئالتە يىلدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا غايەت زور غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىلمىز خەلق ئىگىلىكى ئۇدا تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولۇپ كەلدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى دۇنيادىكى سوتسىيالىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇردى. ھازىر ھەتتا غەربتىكى بەزى كىشىلەرمۇ شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدىكى، جۇڭگونىڭ ماڭغان يولى »نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغان بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەلقنىڭ مىللىي ئۆيۈشۈش كۈچى غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچنى شەكىللەندۈردۇ«غانلىقىنى كۆرسەتتى. جۇڭگو بىر »ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي تاپقان چوڭ دۆلەت« سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيىتى »ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكتە«. شەك-شۈبھىسىزكى، ماركسىزم يوقالمىدى ھەم ئۇنىڭ يوقىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىزم يەنىلا دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى بىر بايراق.

پارتىيىمىزنىڭ كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇشى، ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشقا ئەرزىيدىغانلىقى ۋە چىڭ تۇرغىلى بولىدىغانلىقىدا. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى تەلەپ قىلغان پرىنسىپلاردا چىڭ تۇردى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگونىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ توغرا يولىنى ئايدىڭلاشتۇردى. بۇ يەردىكى ئالاھىدە گەۋدىلىك بىر نۇقتا شۇكى، بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق. بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىز — ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلىدىغان سوتسىيالىزم؛ بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشىمىز سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەيدىغان ۋە راۋاجلاندۇرىدىغان سوتسىيالىزم. سوتسىيالىزم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە مۇھتاج، پەقەت ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىقلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگىلى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇ يىللاردا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش توغرىسىدا ئەڭ بالدۇر، ئەڭ كۆپ، ئەڭ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

سۆزلىدى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ”غەربچىلەشتۈرۈش“كە، ”بۆلۈنۈش“كە ۋە كاپىتالىزم يولىدا مېڭىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىمۇ ئەڭ بالدۇر، ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ چوڭقۇر سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىز ئىسلاھات ئېلىپ باردۇق، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتتۇق، خىزمەتنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈستىگە قويدۇق. ماركسىزمنى تاشلىۋەتمىدۇق، لېنىنىزمنى تاشلىۋەتمىدۇق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىمۇ تاشلىۋەتمىدۇق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشىنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ-دە! گەپ سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، سوتسىيالىزمنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا.“ بىز پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلەپ، كوممۇنىستىك غايىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي ماڭىمىز دەيدىكەنمىز، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىرقاتار بايانلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىققا ۋە سىياسىي يۆنىلىشكە تاقىلىدىغان تۈپ پرىنسىپال مەسىلىلەردە باشتىن ئاخىر كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز ۋە مۇستەھكەم مەيداندا تۇرۇشىمىز، ئالامەتلەردىن ماھىيەتنى كۆرۈپ، ”سول“ ياكى ئوڭدىن كەلگەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىدىيە ۋە قىلمىشلارنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي، ئۈنۈملۈك كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بىز سىياسىيونلارنىڭ ساپاسىنى تەكىتلىگەندە، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ نىگىزلىكى، ئۇلارنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى قانچىلىك دەرىجىدە بولىدۇ؟ ئىلمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سىياسىي سەۋىيە يۇقىرى بولۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئاساسىي نىشان قىلىنغان ئىگىلىك ئىسلاھاتىدا چوقۇم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى ۋە پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى پائال تەتبىق قىلىشىمىز، چوقۇم سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشىمىز ھەمدە بۇ ئىككىسىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق كاپىتالىزم شارائىتىدىكىدىنمۇ ئۈبدان يۈرۈشىدىغان بىر خىل يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى يېڭى تەلەپ. بۇ تەلەپ ئابستراكت بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە بىرقاتار فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق-چۈشىنىش ۋە توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشتا كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك. مەسىلەن، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشقا تەخسىمات شەكىللىرىنى قوشۇمچە قىلىش؛ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پەيدىنپەي ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغان بارلىق نەرسىلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغداپ، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”بۆلۈۋېتىش“ سۇيىقەستىنى توسۇش ۋەھاكازالار. پارتىيە ئەزالىرىمىز، كادىرلىرىمىز بۇ ئىشنى قانچە ئاڭلىق، قانچە ياخشى قىلغانسىرى، ئۇلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

نۆۋەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ئىش شۇكى، بىز جەزمەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى

ئۆستۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، بىر قىسىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈشكۈل ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ تايانچلىق رولىنى ۋە يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بۇ، ئومۇمىيلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە. ھازىر خېلى بىر قىسىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ياخشى باشقۇرۇلۇپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىندى. يەنە بىر قىسىم كارخانىلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئومۇم مۇلۇكچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلە بولماستىن، بەلكى تۈزۈلمە، مېخانىزم جەھەتتىكى نۇقسانلار ۋە كۆپتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئىشلاردۇر. بەزى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇ-رۇش ئارقىلىق قايتىدىن گۈللىنىشىدەك مىساللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلار-نى يەڭگىلى بولىدۇ، بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. بىر قىسىم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا قاراپلا ئومۇم مۇلۇكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىدىن گۇمانلى-نىپ تۈپ سىياسىي ئېتىقادتىن تەۋرىنىشكە، ھەتتا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش كويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. بۇرۇن "بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئىجتىمائىيلاشقان"، نوقۇل ساپ بولۇشنى تەلەپ قىلىش توغرا بولمىغىنىدەك، ھازىرمۇ ئومۇم مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدىن ۋاز كەچسەك تېخىمۇ توغرا بولمايدۇ. كوممۇنىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، غايە ۋە ئېتىقادتىن تەۋرىنىش ئەڭ خەتەرلىك تەۋرىنىش، شۇنداقلا بۇ، پارتىيىۋىلىكى ساپ بولماسلىقنىڭ ئەڭ ئېغىر ئىپادىسى. پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ھەرقانداق چاغدا كوممۇنىستىك غايىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، يۆنىلىش جەھەتتىكى قەتئىيلىك بىلەن ئۇسۇل جەھەتتىكى جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرۈش، سىياسىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ھازىرقى خىزمەت جەھەتتىكى پۇختىلىقنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قەدىمكىلەر "ئوت-گىيا ماجالى بوراندا ئايان، ۋاپادار بەگ-ۋەزىر توپاندا ئايان" دېگەنىدى. بىز توغرا يولدا مېڭىۋاتىمىز، بەلكى يول ماڭغانسېرى داغدام بولىۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا يولۇقىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئالدىمىزدا قىيىنچىلىق بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ھامان ئارقىغا چېكىنىشىمىزگە، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنى كۆرۈپلا نەزەرىمىزنى غۇۋالاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىمىزدىن تەۋرىنىشىمىزگە بولمايدۇ.

### 2. پارتىيىنىڭ تۈپ مەقستىنى ئەستە تىڭ تۇتۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش مەسلىسى

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پارتىيىمىزنىڭ پارتىيىنى قۇرۇشىدىكى تۈپ مەقستى. پارتىيە كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەقسەتنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يېڭى تەلەپ ئەمەس. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ باشتىن ئاخىر بىردەك بولۇش-بو-لالماسلىقى، سۆز-ھەرىكىتى بىردەك بولغان ھالدا جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش-قىلالماس-

لىقى ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرىراق قويۇلۇشى كېرەك. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، بۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق پارتىيىۋىلىكىمىزنىڭ قانداقلىقىغا قارىتىلغان ئىنتايىن مۇھىم ۋە مەركەزلىك بىر سىناق.

ھازىر ئەمەلىي مەنپەئەتكە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش گەۋدىلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، سوتسىيالىزم نامراتلىقنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بۇ مۇقەررەر يولدا مېڭىشىمىز كېرەك. ئىسلاھات جەريانى ئوخشاشلا تەرەققىيات جەريانى، ماھىيەتتە يەنە مەنپەئەتنى تەڭشەش جەريانىدىن ئىبارەت. ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئىتىنى، جۈملىدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئىنكار قىلماستىن، بەلكى ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئاشۇرۇش شەرتى ئاستىدا، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان گەۋدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت قۇرۇلمىسى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ئەقلىغە مۇۋاپىق تەڭشەيدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا، جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ھەممىدە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشى كېرەك. مەنپەئەت ئالدىدا، ئاۋۋال ئۆزى ئۈچۈن چوت سوقۇش كېرەكمۇ ياكى ئاۋۋال باشقىلارنى، ئالدىن ئۆزىنى، ئاۋۋال ئومۇمنى، ئالدىن شەخسنى ئويلاش كېرەكمۇ ۋەياكى قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەسلىك كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىلەر ھەرۋاقىت بىزنىڭ پارتىيىۋىلىكىمىزنى سىناپ تۇرىدۇ. بىز پەقەت كېيىنكى پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىشىمىز، تىرىشىپ يولداش ماۋ زېدۇڭ تەلەپ قىلغاندىكىدەك، ئالىيجاناپ ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم، پەس ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم، خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇشىمىز لازىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا گەرچە ماددىي مەنپەئەتكە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى گەۋدىلىنىپ، "ھەممىدە پۇلغا قارايدىغان" پۇلپەرەسلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق خاتا ئىدىيىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز يەنىلا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتكە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىۋاتىدۇ. لېكىن يەنە بىر قىسىم يولداشلارنىڭ نەپسى يوغىناپ، ئۆز مەنپەئەتى ياكى قىسمەن مەنپەئەت ئۈچۈن پارتىيىۋىلىك پرىنسىپ ۋە خەلق مەنپەئىتىنى بىرياققا قايرىپ قويۇۋاتىدۇ. بەزىلەر جان-جەھلى بىلەن نام-ئاتاق، پايدا-مەنپەئەت، دەرىجە، تەمىنات تالىشىپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەمەل-ھوقۇققا قول سوزۇۋاتىدۇ. بەزىلەر پارتىيىنىڭ قارارلىرى ۋە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىدىن ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنىلا قوبۇل قىلىپ، ئەمىر-پەرمانلارنى ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، چەكلەنگەن ئىشلاردىن قول ئۈزمەيۋاتىدۇ، تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايۋاتىدۇ، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر نەپسىنىڭ تاقىلدىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ياكى قول ئاستىدىكىلىرىنى كۆز بويامچىلىق قىلىشقا، ساختا مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلاردا كۆرۈلگەن يۇقىرىقىدەك ئاشۇنداق پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىغا خىلاپ ئەھۋاللار ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، خىزمەت ۋە پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا بۇنى قەتئىي تۈزىتىش، ھەرگىز بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇۋەتمەسلىك كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلار ئالاھىدە يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشقا، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھوقۇق ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزگە ھوقۇقنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن، ھوقۇقنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان. كوممۇنىستلار مەيلى قانداق ئورۇندا ھوقۇق تۇتقان، ھوقۇق ئىشلەتكەن بولسۇن ھەممىدە خەلق ئاممىسى ئويلىغاننى ئويلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ غېمىنى يېيىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى، ھەقىقىي تۈردە، جان-دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوغداپ، شەخسىيەتسىز ھالدا ھېچنېمىدىن قورقماي ئاممىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان بارلىق ھادىسىلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، خەلق چاكىرىغا خاس خىسلەتنى ساقلىشى كېرەك، شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىغا قويىدىغان تەلىپى ھامان پۈتۈن خەلقنىڭ ئېگى ۋە تەلپىگە ماسلىشىدىغان ھازىرقى سىياسەتتىن، بولۇپمۇ مەلۇم كونكرېت مەنپەئەتكە چېتىلىدىغان سىياسەتتىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ جەمئىيەتتىكى ئادەتتىكى كىشىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالسا ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا پارتىيىمىز ئىلغارلىقنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ. كادىرلارغا، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپتىنمۇ يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، كىشىلەرنى قايىل قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالالمايدۇ. ئەگەر رەھبەرلىك ئورنىدا بولغان بىرەر كادىر، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمەي، بەلكى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، بۇنداق ئادەم ھامان رەھبەرلىك سالاھىيىتىنى يوقىتىپ، خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

## 3 . تەشكىلىي كۆز قاراشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش كۆرۈش مەسىلىسى

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپىدىلا، يولداش جېن يۈن پۈتۈن پارتىيىنى كومپارتىيە ئەزالىرى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇر-غانىدى. بۇ يىغىنچاق ۋە مەزمۇنلۇق سۆزنى قىبلىنامە قىلىشىمىز لازىم. ئۆزىمىزنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە كۈرەش نىشانىنى، پارتىيىنىڭ قائىدە-تۈزۈم ۋە تەشكىلىي ئىنتىزامىنى، پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى يادىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ پارتىيە نىزامنامىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشىمىز، پارتىيە تۇرمۇشى ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىشىمىز، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيىسى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ناۋادا بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ قويغان بولساق دەرھال تۈزىتىۋېلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز ئىچىدە، پارتىيە نىزامنامىسىغا ئەمەل قىلمايدىغان، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرى بويىچە ئىش قىلمايدىغان ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ، ئەڭ

نگىزلىك تەشكىلىي تۈزۈم، رەھبەرلىك تۈزۈمى، شۇنداقلا ئەڭ نېگىزلىك ھەرىكەت نىزامى. ئۇمۇمەن ئالغاندا، مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھەردەرىجىلىك پارتكوم (پارتىيە گۇرۇپپىلىرى) رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ياخشى ياكى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ كەلدى، بۇنىڭغا بولغان تونۇشى پەيدىنپەي ئۆستى، تۈزۈم يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈم ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمگە قارىتا بەزى يولداشلار ئارىسىدا يەنە بەزى مۇجمەل كۆزقاراشلار بار، ئەمەلىيەت داۋامىدا دېموكراتىيە يېتەرلىك بولماسلىق ۋە مەركەزلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتىدۇ، بەزىلىرى خېلى گەۋدىلىك بولىۋاتىدۇ. بەزىلەر پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ فونكسىيىسى ئايرىۋېتىلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىندى، شۇڭا دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، دەپ ھېسابلاشماقتا، رۇشەنكى، بۇ بىر خاتا چۈشەنچە. يەنە بەزىلەر، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش پارتكومدىكى بىرىنچى قول باشلىقنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ پارتكوم ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئانچە چوڭ ئەمەس، دەپ قارايدۇ ياكى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى پەقەت پارتكوم ئورگانلىرىغىلا ماس كېلىدۇ، مەمۇرىي باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئورگانلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇمۇ بىر خاتا چۈشەنچە. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتا بىر قاتار يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى مۇھىم بەلگىلىمىلەرنى تەكىتلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيىنى قاراتمىلىق ھالدا كۈچەيتىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى تۈگىتىپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، نۆۋەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشتە تۆۋەندىكى بەش نۇقتىنى تەكىتلەش كېرەك: بىرىنچى، پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا بويسۇنىدۇ. ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنىدۇ، پارتىيىنىڭ ھەممە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتىغا بويسۇنىدۇ دېگەن بۇ پرىنسىپى ھەم دېموكراتىيىنىڭ تەلىپى ھەم مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى، دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن تۈپ تەشكىلىي تۈزۈم ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام، پارتىيە تۇرمۇشىدىكى ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ بىرلىكى. بۇ تۆت بويسۇنۇش پارتىيىۋىلىكنىڭ تەلىپى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى كەم بولسىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە بۇ كوللېكتىپنىڭ يادروسى ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن،

دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ يەر-زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، مۇشكۈل، مۇرەككەپ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغاندىلا ئاندىن پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقىغا ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى مانا مۇشۇ يەردە، شۇنداقلا بۇ كومپارتىيە ئەزاسى پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنىڭ ئىچكى تەلىپى. مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغاندىلا ئاندىن جايلار بىلەن تارماقلارمۇ ئىشنى ياخشى يۈرۈشتۈرەلەيدۇ. مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۈچىنچى، پارتكوم كوللېكتىپ رەھبەرلىكى بىلەن شەخسلەر ئىش تەخسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. فاكچىيىن ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر، مۇھىم كادىرلارنى كۆرسىتىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشقا ياتىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھوقۇق چەكلىمىسىگە ئاساسەن مەركەز ياكى يەرلىك پارتكوملار كوللېكتىپ قارار چىقىرىشى كېرەك. چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىشتا، تولۇق كېڭىشىش، مەسلىھەتلىشىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش، شۇنداقلا ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە ئاۋازغا قويۇش، بىر ئادەم بىر ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. كوللېكتىپنىڭ قارارىنى ھەرقانداق كىشى ئۆزگەرتىۋې-تىشكە ھوقۇقسىز، شەخسلەر ياكى ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان پىكرى بولسا ئۆز پىكرىدە قالسا بولىدۇ، بىراق قارارغا شەرتسىز بويسۇنۇشى ۋە ھەرىكىتىدە ئاكتىپ ئىجرا قىلىشى شەرت. بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئاساسىي تۈزۈم سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازسانلىق كىشىلەر قارار چىقىرىدى-غان ئەھۋاللارنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. بولۇپمۇ ئادەم ئىشلىتىش مەسىلىسىدە، چوقۇم قابىللارنى ئۆستۈرۈشتە ھەر يەر-ھەريەردىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش كۆرۈش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ بىردەملىك تەسىراتىغا قاراپلا ئۆستۈرۈشكە، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇپ، ئادەمگە قاراپ مۇناسىۋەت قىلىپ مەزھەپچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، مەركەز «پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇش خىزمىتىدە ۋاقىتلىق يولغا قويۇش نىزامى»نى تارقاتتى، بۇنىڭدىن مەخسەت، كادىرلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتا ئىلمىي، قېلىپلاشقان تۈزۈمنى ئورنىتىپ، جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە فاكچېنى سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ھەممەيلەننىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن «نىزام»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز. تۆتىنچى، مەركەز ۋە جايلارنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ياكى پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار ئاگلىق ھالدا مەركەز ۋە يەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى پارتكومنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇش ھەمدە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كۆپ تەرەپلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قانۇنىي تەرتىپ ياكى نىزام بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. بەشىنچى، پارتىيە ئىچىدە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى تېخىمۇ ئاگلىق قوبۇل قىلىپ،

نازارەتنى قوبۇل قىلىدىغان ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشى لازىم. پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلگەن دېموكراتىيە هوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ھەردەرىجىلىك ئورۇنلار تەشكىلى تۇرمۇشى يىغىنى تۈزۈمى، پارتىيىلىك رەھبىرى كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمىدە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ھەمدە ئۇنى ئاممىنىڭ نازارىتى، جامائەت پىكرى نازارىتى، دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ۋە پارتىيە گورۇھسىز زاتلارنىڭ نازارىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ساغلام بولۇشى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قىسقىسى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە رىئايە قىلىش هوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىرلىكى، پارتىيىۋىلىكنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا بۇ پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامى، ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**4. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىلمۇ-خىل پاسسىپ چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش مەسىلىسى**

جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي خىسلىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش — بىزنىڭ ئەنئەنىمىز، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئاددىي-ساددا ياشاش تەربىيىسىنى بۇندىن كېيىن چىڭ تۇتۇش، تۇتقاندىمۇ 60 يىلدىن 70 يىلغىچە ئىزچىل تۇتۇش لازىم. دۆلىتىمىز قانچە تەرەققىي تاپسا جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەشنى شۇنچە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىش پاسسىپ چىرىكلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بىرى، بىز جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش توغرىسىدا ئىزچىل سۆزلەپ كەلدۇق، كېيىن كۆڭلىمىز سەل ياخشىلىنىپ قېلىۋىدى، يۇقىرى ئىستېمال تەشەببۇس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن، ھەر جەھەتتىكى ئىسراپچىلىق يامراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشى، قانۇنچىلىقنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئارقىسىدا قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ۋە چىرىكلىشىشكە ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى يۈز بەردى“. پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا يېتىلدۈرگەن ۋە شەكىللەندۈرگەن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسى باشتىن-ئاياغ بىزنىڭ ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى غايەت زور مەنىۋى كۈچ، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشىدىكى ئەڭگۈشتەر بولۇپ كەلدى، شۇنداقلا ئۇ ھەربىر رەھبىرىي كادىرنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپاسى بولۇپ كەلدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى ساقلاپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇردى ۋە ئۆزىگە چاڭ قوندۇرمىدى. ھەرقايسى كەسىپ-ساھەلەردە، تۈرلۈك سەپلەردە مۇشۇنداق قىلغان نۇرغۇن ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئاساسىي ئېقىم، شۇنداقلا ئاساسلىق تەرەپ، ئەمما، مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىسلاھات جەريانىدا بەزى تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسىنىڭ بىرمەھەل بوشاشتۇرۇپ قويۇلۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پاسسىپ چىرىكلىك ھادىسىلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرد-

ـدىمۇ پەيدا بولدى ھەم يامراپ كەتتى. ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغىنى بەزى كادىرلار راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، ھوقۇقنى تاۋارلاشتۇرۇپ، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىپ، ئۆز كۆمچىكىگە چوغ تارتتى. «پۇل-مال بەرمىسە ئىش بېجىرىپ بەرمەيدىغان، پۇل-مالنى ئېلىپ قالايمىقان ئىش بېجىرىدىغان» مەسىلىلەر كۆپىيىپ قالدى. بەزىلەر ئۆز ئائىلىسىنىڭ «ھەشەمەتلىك» تۇرمۇشىنى قوغلىشىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا كۇشكۇرتىشتىن باش تارتمىدى، ھەتتا ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قاقتى-سوقتى قىلىپ، پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزۇپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلىپ، تۇرمۇشتا قاتتىق چىرىكلىشىپ، جىنايەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى مەسىلىلەر ئۆلكە ۋە مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلاردا كۆرۈلدى. سابىق بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاڭ باۋسېن دەل مۇشۇنداق سەلبىي تىپتۇر. ئۇ چۇشكۈنلىشىپ-چىرىكلىشىپ كەتكەچكە ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە ئاساسەن جازالىنىشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، بۇمۇ ئۇنىڭغا ئازلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى داۋلىنى مەركەز قايتا-قايتا ئېنىق سۆزلىدى، خىزمەتلەرنىمۇ ئېنىق ئورۇنلاشتۇردى، ئومۇمەن خىزمەت سىجىللىقىنى ئاشۇرۇش، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش، كەسىپ جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ جەھەتتە پۈتۈن پارتىيە بىردەك قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خىزمەت سىجىللىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈملەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مېنىڭ بۇگۈن تەكىتلەيدىغىنىم شۇكى، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ ئاڭلىق كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە، ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىسى ناھايىتى زور.

يېڭى ۋەزىيەتتە، زور كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇستەھكەم ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپى قۇرۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئىستىلغا ئاڭلىق ھالدا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسراپچىلىق شاملىغا، كەيىپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەت شاملىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. قەدىمقىلەرنىڭ: «ئەل گۈللىنەر ئاقىل بىلەن، دىيانەت بىلەن، خاراب بولۇر كەيىپ-ساپا ھەم ئىشرەت بىلەن» دېگەن ئىككى مىسرا مەشھۇر شېئىرى بار. بۇ ھەقىقەتەن ئەل-يۇرتنى ئىدارە قىلىش، ئۆزىنى تەربىيىلەش تەجرىبىسىدىن چىقىرىلغان خۇلاسىدۇر. رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ ھازىرقى سىرتقى دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئازدۇرۇشلىرىغا، مەسىلەن، سەتەڭ-نازىنىنلارنىڭ، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنىڭ ۋە تۈرلۈك ھەشەمەتلىك «دەۋردىن ھالقىغان» ئىستېمالنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا قەتئىي تاقابىل تۇرۇش، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشنىڭ، شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ چىرىتىشىغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ھوقۇق-مەرتىۋىنى پەش قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز ۋە قانۇنسىز تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرۇش كېرەك. بۇ قارىماققا كىچىك ئىشتەك قىلسىمۇ، لېكىن پارتىيىۋىلىككە

www.uyghurkitap.com

تاقىلىدىغان ناھايىتى رېئال مەسىلىدۇر. «نەچچە مىڭ چاقىرىملىق توغاننىمۇ چۇمۇلە ئۇۋىسى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ» دېگەن سۆز بار. ناۋادا ئادەتتە تەربىيىلىنىش ۋە چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، سەۋەنلىكنى بىخ ھالىتىدىلا تۈزەتمەي، ئەكسىچە ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ كەتسەك، مۇقەررەر يوسۇندا ئىرادىمىز بوشاپ، ئالغا ئىلگىرىلىگىمىز كەلمەي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئازدۇرۇش ۋە يۈز-خاتىرە ئالدىدا ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ناھايىتى ئاسانلا يوچۇق ئېچىپ قويىمىز. ئىدىيە ۋە تۇرمۇشتا يوچۇق ئېچىلىپ كەتسىلا، ئۇنى ئېتىۋالالماي، ئاخىرىدا سەپتىن چۈشۈپ قالىمىز. بۇنىڭغا رېئال تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مىساللار ئىسپات بولالايدۇ، ھەربىر رەھبىرىي كادىر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر دۆلەت، بىر مىللەت، پەقەت جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، تىرىشچان-ئىقتىسادچان بولۇش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەممەيلەن غەيرەتكە كېلىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد روناق تاپالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇقەررەر ھالدا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تېخى ناھايىتى تۆۋەن، 70 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ قورسىقىنىڭ توق. كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى، يۇقىرى ئىستېمالغا، راھەت-پاراغەتكە بېرىلگۈدەك شەرت-شارائىت زادىلا يوق. كەلگۈسىدە دۆلىتىمىز باي-قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغاندىمۇ، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەنىمىزنى ساقلىشىمىز لازىم.

## مۇستەھكەم ماركسىزملىق دۇنيا قارىشنى تىكلەپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش جەريانىدا كوممۇنىستلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرايلى

كوممۇنىستلارنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ يادروسى مۇستەھكەم ماركسىزملىق دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. بۇ ھەممىنى بەلگىلەيدىغان مەسىلە بولۇپ، بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئىنتىلىشلىرىمىز ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى يولىمىزنى بەلگىلەيدۇ، ئىدىيىۋى مەنزىلىمىز، ئەخلاق - پەزىلىتىمىز ۋە ھەرىكەت مىزانىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى نېمىدە؟ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان كىشىلەر بۇ مەسىلىگە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ جاۋاب بېرىپ كەلدى، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان جەمئىيەتتىمۇ بىر-بىرىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان كىشىلىك ھاياتتىكى ئىنتىلىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. «ئادەم بايلىقنى دەپ جان بېرەر، قۇشلار داننى دەپ»، «ئادەم ئۆزىنى دېمىسە خۇدا ئۇرىدۇ»، «مەنسەپ ئېلىپ بېيىش كېرەك»، «ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا سۈرۈش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ بىرخىل كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ئاساسىدىكى چاكىنا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ، زاۋالغا يۈز تۇتقان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى. بۇنداق كۆز قاراشلارنى كىشىلەر ئەزەلدىن نەزەرگە ئالماي كەلدى. «ئاۋۋال خەلقنى ئويلا، ئاندىن ئۆزۈڭنى، ئاۋۋال خەلقنىڭ دەردىنى ئويلا، ئاندىن ئۆزەڭنىڭ بەختىنى»، «دۇنيادا ئەزەلدىن ئۆلمىگەن كىم بار، يورۇتسۇن ۋەتەننى سادىق يۈرىكىڭ»، مانا بۇ سۆزلەردە يەنە بىرخىل كىشىلىك تۇرمۇش

قارىشى — ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىپادىلەنگەن. بىز كوممۇنىستلارنىڭ دۇنيا قارىشىمىز ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىز كوممۇنىزملىق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەنىۋى تۈۋرۈك قىلغان بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا خالىس تۆھپە قوشۇشنى، جان-دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ ئالىيجاناب ئارزۇ ۋە ئەڭ زور قىممەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ تۇرغۇزىدىغىنىمىز ۋە چىڭ تۇرۇدىغىنىمىز، بارلىق ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار ئېتىقاد قىلىدىغان دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن ئوخشاشمايدىغان ماركسىزمنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، بۇ، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئىلمىي دۇنيا قاراش، ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتكەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدۇر. كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە كادىرلىرى مۇشۇنداق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن ئالىيجاناب روھقا ئىگە بولالايدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، كۆكسى-قارنى كەڭ، ئوچۇق-يورۇق، تۇرمۇشى مەزمۇنلۇق بولىدۇ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، شەيئىلەرنى ئىلمىي كۆزىتەلەيدىغان، ۋەزىيەت ئۈستىدە ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، مەسىلىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قىلالايدىغان بولىدۇ، غەلىبىگە ئېرىشكەندە، ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولغاندا تەكەببۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىق قىلماي، قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدا بوشىشىپ ياكى تەۋرىنىپ قالماي، تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ؛ ئۆز مەنپەئەتىنىلا قوغلىشىشتەك روھىي قەپەسنى ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلاپ، مىليونلىغان خەلق تارىخ يارىتىدىغان بىپايان زېمىندا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇننى توغرا تاللاپ، دۆلەت، جەمئىيەت، مىللەت ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئۆمۈرلۈك كۈچ-زېھنىنى قىلچە ئايىماستىن تەقدىم قىلىدۇ. سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتلىق يولى، لېي فېڭ، جياۋ يۈيلۇ، كۇڭ فەنسېن قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئىلغار-نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ھاياتلىق يولى مانا بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئەكسىچە، بىر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە پارتىيە كادىرى بولغان كىشى ناۋادا ماركسىزملىق دۇنيا قارىشىنى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ۋە قىممەت قارىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا تۇرغۇزمىسا، ئىنقىلابىي ئۇرۇش مۇھىتىدا ھايات-ماماتلىقنىڭ، قان ۋە ئوتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆلۈمدىن قورقۇپ جەڭگاھتىن قاچىدۇ، ياكى دۈشمەننىڭ قىستاپ قىيىنچىلىقتۇرۇشى بىلەن ۋىجدانىنى سېتىپ خائىنلىق قىلىدۇ ۋە ياكى تارىخىي بۇرۇلۇش مەزگىلىدە تەۋرىنىپ سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا پارتىيىدىن ئادا-جۇدا بولىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى توغرا چۈشىنىشى ناتايىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىياسىي بوران-چاپقۇنلاردا نىشاننى پەرق قىلالماي، مەيداندا چىڭ تۇرالماي، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەر ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ زەربىسىدىن ئوڭدا چۈشىشى مۇمكىن. رېئال تۇرمۇش بۇ جەھەتتە بىزنى ئىبرەتلىك مىساللار بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭلاشقا بىز پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، مۇستەھكەم توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلە جەھەتتە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك.

دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىن توغرا بولغان ھەق-ناھەقچىلىق قارىشى، ياخشى — يامانلىق قارىشى، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك قارىشى، تۆھپە ۋە سەۋەنلىك قارىشى، پايدا-زىيان قارىشى، جاپا-مۇشەققەت ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت قارىشى، شان-شەرەپ ۋە ئار-نومۇس قارىشى، مۇھەببەت ۋە نەپرەت قارىشى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەلنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسى كۆپلەپ كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك مەدەنىيەت ئىدىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىختىن قېپقالغان ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ، كىشىلەرنىڭ توغرا غايىسى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، جەمئىيەتتە ھەق-ناھەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان، ئاق-قارا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلىدىغان، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئايرىلمايدىغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق پەرق ئېتىلمەيدىغان، ”ھەممىدە پۇلغا قاراش“نىڭ نامىنى توغرىلاش كېرەك ئىدىيەي، ”ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش“قا ئورۇن بېرىش كېرەكتىيەي، ”شەخسىيەتچىلىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئامىل ئىدىيەي“، ”ئادەم دېگەنگە ھاياتتا قانچىلىك خۇشاللىق نېسىپ بولاتتى، نېمىشقا ئېچىلىپ-يايراپ ياشىمايدىكەنمىزيەي“، ”غايە دېگەن ئەمەلىي نەپكە يەتمەيدۇيەي“، ”قولدا ھوقۇق بار چاغدا ئىشلەتمىسە، ۋاقتى ئۆتكەندە ئىناۋەتسىز بولۇپ كېتىدۇيەي“ دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئىدىيىۋى قاراشلار پەيدا بولدى. بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار خاتا ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە ناچار كەيپىياتنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەچكە، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قىممەت قارىشىدىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىش ياسىدى، ھەتتا ئۇلار رەزىللىكنى گۈزەللىك، نومۇسسىزلىقنى شەرەپ دەپ بىلىپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى، ھەق-ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. بەزىلەرنىڭ كاللىسىدا كوممۇنىستىك يۈكسەك غايە ۋە جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنىڭ ئورنىنى ئەمەلىيەتتە مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ”چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يەۋال“ دېگەن ئىدىيە ئىگىلىدى، خەلقنىڭ ”چاكىرى“مۇ خەلقنىڭ ”غوجىسى“غا ئۆزگەردى، ھەتتا بەزىلەر چۈشكۈنلىشىپ چىرىكلەشكەن، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئۇنسۇرلارغا ئايلىنىپ كەتتى. رەھىمسىز رېئاللىق بىزنى يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئاگاھلاندۇردىكى، دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ بۇرمىلىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا تۇرمۇش نىشانىنىڭ قالايمىقانلىشىشىنى، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، جەمئىيەت، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇقەررەر يوسۇندا كەڭ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىدۇ، بىگىدىن بەزى توغرا ئىدىيىۋى قاراشلار پەيدا بولۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتە ئىدىيە جەھەتتە مەلۇم قالايمىقانچىلىقلارمۇ پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ ئەجەبلىنىپ كەتكۈچىلىكى يوق. لېكىن، بىز كوممۇنىستلار جۈملىدىن رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى بىتەكچى قىلىشتا جەزمەن باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئېزىتقۇ تۇمانلارنى پەرق ئېتىپ، توغرا-خاتانى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا، چىرىك ئىدىيە ۋە ناچار كەيپىياتلار ئالدىدا جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالماسلىقىمىز، دورامچىلىق

قىلماسلىقىمىز كېرەك. كوممۇنىستلار جان-دىل بىلەن خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئەڭ نىگىزلىك قىممەت نىشانىمىزدۇر، ‹‹خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقىنى››، ‹‹خەلقنىڭ قوللاش-قوللىماسلىقىنى››، ‹‹خەلقنىڭ خوش بولۇش-بولماسلىقىنى››، ‹‹خەلقنىڭ ماقۇل بولۇش-بولماسلىقىنى››جەزمەن ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، تۆھپە بىلەن سەۋەنلىكنى، پايدا بىلەن زىياننى، ئازاب بىلەن خۇشاللىقنى، شەرەپ بىلەن نومۇسنى، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى پەرقلەندۇرۇش ۋە ئۆلچەشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتا ۋە ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇنداق قىممەت قارىشى تۇرغۇزغاندىلا ھەم ئۇنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن كومپارتىيە ئەزاسى ۋە پارتىيە كادىرى دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغان بولىمىز، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ — ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئالغا سىلجىتالايمىز.

ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ چېكى يوق، سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ چېكى يوق. ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلەش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ھەرگىزمۇ بىردەملىك ئىش ئەمەس؛ پارتىيىلىك شتازىنىڭ ئېشىشىغا ۋە ئەمەلىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ تەبىئىي ئېرىشىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇ ئۇزاق مۇددەت ھارماي-تالماي جاپالىق تىرىشىشنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدىغان جەريان، شۇنداقلا ھەقىقەتتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان جەريان. بۇ جەرياندا، نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ۋە پارتىيە تۇرمۇشى چېنىقىشىنى ئاڭلىق كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئاساسلىق ئۈچ يول ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورگانىڭ بىرلىك جەرياندۇر. بىز مۇشۇ توغرا يول ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تىرىشىپ ئىگىلەش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، شەخسىي تۇرمۇشنىڭ مەقسىدىنى، قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

بۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تورغۇزۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى. ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگەنمىگەندە ۋە ئىگىلىمىگەندە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇغىلى بولمايدۇ، كوممۇنىزمغا ۋە سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادنى ئىلمىي چۈشىنىش ئاساسىغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئېتىقادنى چىڭىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا تۈرلۈك خاتا پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋە چىرىك تۇرمۇش شەكلىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. لېنىن بۇرۇنلا مۇنداق دېگەنىدى: ‹‹ئىنسانلار ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆز كاللىسىنى بېيىتالىغاندىلا، ئاندىن كوممۇنىزمچى بولالايدۇ›› يولداش جياڭ زېمىنمۇ مۇنداق دېگەنىدى: ‹‹ئەگەر بىر ئادەم ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش ئۈچۈن ماركسىزم نەزەرىيىسىگە دائىر بىلىملەرگە، سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرگە ، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەن-تېخنىكىغا دائىر بىلىملەرگە، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى لازىم، بۇ توغرا دۇنيا قارىشىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە پايدىلىق، ئۆز بىلىمىگە ئىلمىي ئاساس سېلىشقا پايدىلىق، مۇشۇنداق ئىش كۆرگەندە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ،

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرەلىگۈ روھنى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.“ مانا بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تامامەن توغرا. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار تارىخىي مەجبۇرىيەتنى ۋە خىزمەت ئورنىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش ئۈچۈن ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى ۋە تەقەززالىق تۇيغۇسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى، خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنى ئىلمىي ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇشى، زۆرۈر بولمىغان رەسمىيەتلەرنى قەتئىي ئازايتىشى، ۋاقىت چىقىرىپ كۆپرەك كىتاب ئوقۇشى، ئۆزىدە نەزەرىيە جەھەتتە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ۋە سىياسىي جەھەتتە مەسىلىلەرنى كۆزىتەلەيدىغان ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشتە ئەڭ ئاساسلىقى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ ئۆگىنىش لازىم. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەش، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىگىلەش كېرەك. ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ بىلىش تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشتۇر، ئۇ دۇنيانى توغرا تونۇشىمىز ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئەڭ ئىلمىي، ئەڭ ئاساسلىق ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا ۋە ھەل قىلغۇچ مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بىز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ”بىر مەركەز ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت تۈپ لۇشيەندە تېخىمۇ چىڭ تۇرالايمىز، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە تېخىمۇ چىڭ تۇرالايمىز، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تەشكىلىي لۇشيەندە تېخىمۇ چىڭ تۇرالايمىز، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەندە تېخىمۇ چىڭ تۇرالايمىز، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى، ئىدىيىۋى لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنى ۋە ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ بىردەكلىكىدە تېخىمۇ ئوبدان چىڭ تۇرالايمىز، مىليونلىغان خەلقنى ۋە ھەممە جەھەتتىكى كۈچلەرنى يەنىمۇ قوزغىتىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر توغرا ئىلگىرىلەش يولىنى بويلاپ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلالايمىز.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ماركسىزم تونۇش بىلەن ئەمەلىيەت، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىردەك دەپ قارايدۇ. سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، ۋاھالەنكى، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى چوقۇم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلەشتە كىتابتىن نەزەرىيە ۋە بىلىم جەھەتتىكى ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ مىليونلىغان خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قۇرۇش ئەمەلىيىتى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەمەلىيەت بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىز، شۇنداقلا سوبيېكتىپ دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتىشىمىز ئۈچۈن كەڭ سەھنە ۋە ناھايىتى پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۆھپە يارىتىشى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا تىرىشىپ ئىرادىسىنى تاۋلاپ، ئەخلاق-پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىدىيىۋى دۇنياسىنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان چوڭقۇر ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشى كېرەك. خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، ئامما ھەقىقىي قەھرىماندۇر. بىز چوقۇم رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇپ، ئاممىغا ئىشىنىش ۋە ئاممىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، كەمتەرلىك بىلەن ئاممىدىن ئۆگىنىپ، خەلق ئاممىسىدىن مول سىياسىي ئوزۇق ئېلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى ۋە خىزمەت سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەت داۋامىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئىنتايىن مۇھىم. ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەم سوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ھەم ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ھەم باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى تەھلىل قىلىش، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىش كېرەك، بۇ توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە پايدىلىق. قەدىمكىلەرنىڭ "مىسنى ئەينەك قىلىپ قارىساڭ كىيىمىڭنى تۈزەشتۈرەلەيسەن، قەدىمكىنى ئەينەك قىلساڭ خاراپلىشىش ۋە گۈللىنىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلەيسەن؛ ئادەمنى ئەينەك قىلساڭ پايدا-زىياننى سېزەلەيسەن" دېگەن سۆزى بار، بۇ سۆز ناھايىتى ئورۇنلۇق. بىز ياشاۋاتقان بۇ ئۇلۇغ دەۋر، نۇرغۇن قەھرىمان - نەمۇنىچىلارغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋە شۇنداق قەھرىمان-نەمۇنىچىلار يېتىشىپ چىقىۋاتقان، زور تۈركۈم ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كېلىۋاتقان دەۋر. ئۇلارنى ئەينەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيە ۋە سۆز-ھەرىكىتىمىزگە سېلىشتۇرۇپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، مەقسەتلىك ھالدا ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشىمىز، ئاڭلىق ھالدا ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشىمىز، ئۆلگىلەرگە يۈزلىنىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش ۋە چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ مېڭىش سەۋەبىدىن تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، سەۋەنلىكنى بىخ ھالىتىدىلا تۈگىتىپ، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزىمىزنى خاتالىقنى ئاز سادىر قىلىش ياكى خاتالىق سادىر قىلماسلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرغاندىلا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىمىز.

ئۈچىنچى، پارتىيە تۇرمۇشى جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرۇپ، ئۇتۇقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم.

كوممۇنىستلارنىڭ ماركسىزملىق دۇنيا قاراشنى تىكلىشى مۇكەممەل پارتىيە تۇرمۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، پارتىيە تەشكىلاتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نازارىتى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ئۆزىنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەربىيىلىشى، باشقۇرۇشى ۋە نازارىتى ئاستىغا قويۇپ، قوش تەشكىلىي تۇرمۇشقا

ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۋەتمەي، بەلكى جىددىي ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ پارتىيە كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، شۇنداقلا مۇشۇنداق قىلغاندا پارتىيە تەشكىلاتى ۋە بولداشلارنىڭ ياردىمىدە ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىكى ۋە خاتالىقىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىپ ۋە تۈزىتىپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. بۇ، شۈبھىسىزكى دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر يولى. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە توغرا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرغىلى بولمايۋاتىدۇ، ياخشىچاقلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ھەقىقىي ساقلىنىۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمايۋاتىدۇ. "ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپلا قويىدىغان، ئۆزئارا تەنقىدتە ئۇمىدىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ قويىدىغان" ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. پرىنسىپسىزلىق قىلىشقا، زىددىيەتلەرنى يوشۇرۇشقا، بوشاڭلىق، ئاجىزلىق، تارقاقلىق، قىلىشقا، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشتىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ھەم سەممىيلىك بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ھەم خاتا ئىدىيە قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ تەنقىدىنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نازارىتىنى قارشى ئېلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «لىبېرالىزمغا قارشى تۇرايلى» دېگەن ئەسىرىنى قايتا ئوقۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قورالىنى باشلامچىلىق بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئىتتىپاقلىق — تەنقىد — ئىتتىپاقلىق فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى ئىشتا چىڭ تۇرۇشنى ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە تۇرمۇشىدا ھەق بىلەن ناھەقنى، تۆھپە بىلەن سەۋەنلىكنى ئېنىق ئايرىيدىغان ۋە پائال ئالغا ئىنتىلىدىغان كەيپىياتنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**رىسالەت ئابلا**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**

**ياقۇپ مۇھەممەتروزى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# ”مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك“

## — «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

**گاۋ شياۋكۇن، جاۋ شياۋخۇ**

نوپۇز مەسلىسى ماركسىزم نەزەرىيىسى غەزىنىسىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە. ئېنگېلس يۈز يىلدىن بۇرۇن بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمىنى تەنقىد قىلغان ۋاقتىدا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: نوپۇزمۇ، بويسۇنۇشمۇ بىز ئۈچۈن زۆرۈر؛ نوپۇز بولمايدىكەن، بىرلىككە كەلگەن ھەرقانداق ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ؛ نوپۇز پرىنسىپىنى مۇتلەق ئەسكى نەرسە دېيىش، ئاپتونومىيە پرىنسىپىنى مۇتلەق ياخشى نەرسە دېيىش بىمەنىلىكتۇر. لېنىن ۋە ماۋ زېدۇڭمۇ ئىنقىلابقا ۋە قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا نوپۇزنىڭ مۇھىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، نۇرغۇن مۇھىم نەزەرىيىۋى بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ”مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك“ دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە بۇنىڭغا چوڭقۇر ھەم كونكرېت ئىلمىي مەزمۇن قوشتى. بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش، ئومومىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

”مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك“ دېگەن ئىدىيىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيە ئەھۋالى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن ئاساستا ئوتتۇرىغا قويغان.

**— ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى تەلەپ قىلىندۇ.** سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇشۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەتكە قارىتا كۈچلۈك بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇشى، يۈكسەك نوپۇزى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قەدەم-باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كېتىش خاھىشى يۈز بەرگەندىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا تۈزىگىلى ۋە ئوڭشىغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەن، خەلق ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتقان ئاساستا باشلانغانىدى، شۇ ئارىلىقتا ئۇ يەنە مەملىكەت ئىچىدە يامراپ كەتكەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم

خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ قېلىشتەك سىناققا دۇچ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىي مۇقىملىق مەسىلىسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىلىق ئورنى مەسىلىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى ئىنتايىن گەۋدىلىك، ئىنتايىن ئۆتكۈر مەسىلىلەر ئىدى، دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشتىن-ئاخىر يۈكسەك ئېتىبار بەرگەن ۋە ئەستايىدىل ئويلانغان بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تىنچ-ئىتتىپاقلىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان خەۋپ "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسىدىن كېلىدۇ، "سول"چىللىقمۇ، ئوڭچىللىقمۇ سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ؛ "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكىنى ۋە ھەرىكەت بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۇ قايتا-قايتا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: جۇڭگودەك مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتتە، كومپارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بولمىسا، دۆلەتنىڭ چاك-چېكىدىن پارچىلىنىشى، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولماسلىقى مۇقەررەر. "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كىم ئۇيۇشتۇرىدۇ؟ جۇڭگونىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى كىم ئۇيۇشتۇرىدۇ؟" («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 366-بەت. تۆۋەندە مۇشۇ كىتابتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە توم ۋە بەت نومۇرىلا بېرىلدى) ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ھەر مۇھىم پەيتلەردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلەپ تۇردى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ دەسلىپىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيىۋى جەھەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىشىنى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشىنى، ھەممە ئۇنى بىر سىياسىي ئىنتىزام دەپ قارىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك، پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشى، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىنى دەرھال چۈشىنىپ يەتمىسە، كۈتۈپ تۇرسا، قاراپ تۇرسا بولىدۇ، پىكرى بولسا ئۆز پىكرىدە قالسا ياكى تەشكىل ئارقىلىق يۇقىرىغا ئىنكاس قىلسا بولىدۇ، لېكىن ھەرىكەت جەھەتتە باشقىچە يول تۇتۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. 80-يىللاردا مەملىكەت ئىچىدە ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە شەك كەلتۈرىدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قەتئىي ھالدا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، مۇنداق دەپ قارىدى: ئىسلاھات قانچە چوڭقۇرلاشسا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى شۇنچە كۈچەيتىش كېرەك، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قىلچە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ۋە ئىدارە قىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى نابۇت بولىدىغان گەپ.

— **پۈتۈن پارتىيىنىڭ يۈكسەك ئىتتىپاقلىقىنى، بىرلىكىنى ۋە ئۈستۈن جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاشتا مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى زۆرۈر.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە

بولۇپ، 55 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بار، ئىتتىپاقلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر پارتىيىنىڭ ھەممە ئەزالىرى "ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە قارارلىرىنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئىجرا قىلمايدىغان بولسا، پارتىيە ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، بىرلىككە كېلەلمەيدۇ ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالمايدۇ" (2-توم، 591-بەت). پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادە بىرلىكى، زىچ ئىتتىپاقلىقى ۋە پولاتتەك ئىنتىزامىنى قوغداش ئۈچۈن، دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك، زۆرۈر بولغان نوپۇز ۋە بويسۇنۇش بولۇشى كېرەك، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش كېرەك. شەخس تەشكىلگە بويسۇنۇش، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، تۆۋەن يۇقىرىغا بويسۇنۇش، پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. بولمىسا پارتىيە بىر جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاۋانگارت بولۇشقا لاياقىتىمۇ بولمايدۇ. مەركەزنىڭ نوپۇزى پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى، بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە پارتىيىنى جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدىكى رەھبەرلىك يادروسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭمۇ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىدۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەكىتلەش ئەلۋەتتە زۆرۈر، لېكىن بۇنىڭدا قىسمەنلىكنىڭ ئومۇملۇققا بويسۇنۇشنى، جايلارنىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشنى ئالدىنقى شەرەت قىلىش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزامىنى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزامىنى قوغدىغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئۈستۈن جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن پارتىيە مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق ھالدا قوغدىشى، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن سىياسەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشى لازىم.

— **ئىسلاھات تەرتىپىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك.** 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈلگەن ئومۇمىي لايىھەنىڭ بولۇشى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تاختا شاخمات بولۇشى، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: "چۈنكى، ئىسلاھات خەلقنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇ يولدا تاشلانغان ھەربىر قەدەم يۈز مىليونلىغان كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ" (3-توم، 232-بەت). بۇنداق ئەھۋال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە بولۇشى كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋە ئىسلاھات لايىھىلىرىنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ كۈچلۈك نوپۇزى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. مەركەزنىڭ نوپۇزىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى رولى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مەسىلە كۆرۈلگەندە ئۆز ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ھالدا تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى يولغا قويۇشقا

www.uyghurkitap.com

ئىمكانىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات جەريانىدا، بىر قىسىم ھوقۇق جايلارغا ۋە تارماقلارغا بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا بولغان بىر تەرەپلىمە تونۇش ۋە خاتا قوللىنىش ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىش قىيىن؛ مەنپەئەت گەۋدىسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، قىسمەن مەنپەئەتنى دەپ بىر پۈتۈن مەنپەئەتنى نەزەرگە ئالمايدىغان، ھەتتا بىر پۈتۈن مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقىشى مۇمكىن: بەزى چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ھەتتا سىياسىي مەنپەئەتكە چېتىلغاچقا، ئۇمۇ بىر يېڭى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۆۋەنگە بېرىلگەن ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، كالتە پەملىك ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، ئومۇملۇقنى نەزەرگە ئالمايدىغان تار مەھكىمىچىلىك ۋە يەرلىك قورۇقچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى ماسلىشىش ۋە بىرلىككە كېلىشنى تەكىتلەپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ”پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزى بولمىسا، ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرغىلى بولمايدۇ.“ (3-توم، 572-بەت) ئۇ مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىدا، ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، مەركەز بەلگىلىگەن ئىشلارنى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەستايىدىل بىجىرىشىنى تەلەپ قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۆز ۋاقتىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى چوقۇم كۈچەيتىش كېرەك، ”مەركىزىي كومىتېتنىڭ گېپىگە، گوۋۇيۈەننىڭ گېپىگە كىرمىگەن بىلەن بولمايدۇ“، ”نوپۇزنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنى مەركەزلەشتۈرۈش لازىم، بولمىسا، كەم دېگەندە، ئىشىمىز ئاقسايدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ گېپىگە، گوۋۇيۈەننىڭ گېپىگە كىرمەيدىغانلارنى قەتئىي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئاۋۋال ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش، بولمىغاندا يۆتكىۋېتىپ، باشلىقلىقتا باشقا ئادەم قويۇش لازىم“ (3-توم، 662-بەت).

— **ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئىتىنى تەڭشەپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مەركەزنىڭ نوپۇزىغا تايىنىش كېرەك.** مەملىكىتىمىزدە ھەرقايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەكشى بولمىغاچقا، تەڭ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم رايونلارنى، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىش، ئاندىن ئۇلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىشقا توغرا كەلدى، بۇنداق قىلىش ئارقىسىدا، ئىسلاھاتتىن كەلگەن مەنپەئەتنىڭ تەقسىماتى تەكشى بولماسلىق، ئىسلاھات نەتىجىسىدىن بەزىلەر ئاۋۋال بەھرىمەن بولۇش، بەزىلەر كېيىنرەك بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر. بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە مەيدانغا كەلگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، راۋاجلىنىپ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ، مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ ئۆتكۈرلىشىپ بارىدۇ. تەرەققىيات داۋامىدىكى بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ تۇرۇپ تەڭشەش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. ئورتاق بېيىشتا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىمىز باشلانغان كۈنىدىن تارتىپلا سۆزلەپ كەلدۇق، كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن ئومۇملۇق قارشىنى تىكلەش، ئىككىنچىدىن مەركەزنىڭ نوپۇزىغا تايىنىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دېدى: ”دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، 200 مىليون ئاھالىسى بار ئاشۇ كەڭ رايونلارنى ئالدىن تېزرەك تەرەققىي تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي تېپىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. بۇ ئومۇميەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر مەسىلە. ئىچكى رايونلار مۇشۇ ئومۇميەتكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئۆز نۆۋىتىدە، دېڭىز بويىدىكى رايونلار تەرەققىي تېپىپ مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىپ ئىچكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇمۇ بىر ئومۇميەت. ئۇ چاغدا دېڭىز بويىدىكى رايونلارمۇ مۇشۇ ئومۇميەتكە بويسۇنۇشى لازىم.“ ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېدى: ”مەركەزنىڭ نوپۇزى بولمىسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسى-سىنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى يېسە، بىر-بىرى بىلەن جېدەللەشسە، بىر-بىرىگە ئورا كولىسا، ئىشنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئىشنى كىم بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ؟ مەركەز بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ!“ (3-توم، 574-، 573-بەتلەر) شۇنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەركەزنىڭ نوپۇزىنى تەكىتلەش ئىدىيىسى ئىنتايىن زور رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، مەركەزنىڭ نوپۇزىنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىنى ھەممە قانداق قىلىپ نوپۇزنى توغرا تونۇش ۋە توغرا تەتبىقلاش مەسىلىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ئۆتتى.

**— مەركەزنىڭ نوپۇزى دېموكراتىيە ئاساسىدا توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ۋە مۇقەررەر تەلىپىدۇر.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى، ئۇ ئىنتايىن زور ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇنى مەڭگۈ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدا دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈ-رۈشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا ئىپادىلەنگەن، دېموكراتىيىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، بىرلىك، نوپۇز، بويسۇنۇشمۇ تەكىتلەنگەن. بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقى-مىز ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. بىز يۈكسەك دېموكراتىيە ئاساسىدىكى يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەنلا تېز ھەم كۈچلۈك ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تېز ھەم كۈچلۈك ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغانلىقىغا گەپ سىغمايدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: ”سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇنىڭدا بىرەر ئىش قىلىشقا بەل باغلىنىپ، قارار قىلىنغان ھامان، شۇ قارار دەرھال توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىدۇ.“ (3-توم، 497-بەت) يۈكسەك مەركەزلەشتۈ-رۈشكە ۋە نوپۇزغا تايىنىش ئارقىلىق، پارتىيە ۋە دۆلەت زور تەشكىللەش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر ئەۋزەللىكىدۇر. شۇڭا، مەر-كەزنىڭ نوپۇزى پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمى بىلەن بىردەك، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن بىردەك، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۈنۈمدارلىق ئىلمىيلىك ئاساسىغا ئورنىتىل-

www.uyghurkitap.com

**— مەركەزنىڭ نوپۇزى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ نوپۇزىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يەنە يادروسى بولۇشى كېرەك.** كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇش، شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىققە قارشى تۇرۇش ماركسىزمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىر رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ”ئاچقۇچ كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى شەكىللەندۈرۈشتە“ (3-توم، 661-بەت)؛ ”جۇڭگونىڭ مەسىلىسى كومپارتىيىنىڭ ياخشى بىر سىياسىي بيۇروسىنىڭ، بولۇپمۇ ياخشى بىر سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ بولۇشىغا باغلىق. مۇشۇ ھالقىدا مەسىلە چىقمىسىلا، جۇڭگو تەيشەن تېغىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ“ (3-توم، 758-بەت). بىز كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزى مۇقەررەر ھالدا مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ نوپۇزى بولىدۇ. لېكىن پارتىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ھەرقانداق بىر رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بىر يادروسى بولىدۇ، يادروسى بولمىغان رەھبەرلىك ئىشەنچلىك رەھبەرلىك بولالمايدۇ.“ (3-توم، 641-بەت) دۆلەتنىڭ تەقدىرى، پارتىيىنىڭ تەقدىرى، خەلقنىڭ تەقدىرى كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ۋە بۇ كوللېكتىپنىڭ يادروسىغا موھتاج. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ”يادرو“ كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمى بىلەن زىت ئەمەس. چۈنكى، رەھبەرلىك يادروسى دېگەنلىك شەخسنىڭ گېپى گەپ بولۇش، شەخسنى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن ئۈستۈن قويۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىچىدىكى ”باشلامچى“نىڭ مۇھىم ئورنىنى ۋە ئۈستىگە ئالغان زور مەسئۇلىيىتىنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. مۇنداق ”يادرو“ بولغاندا، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق بولىدۇ، مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئىتتىپاق بولالايدۇ، چوڭ مەسىلە كۆرۈلگەندە ھەل قىلماقمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق بىر ”يادرو“نىڭ بولۇشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىششى ۋە مۇستەھكەملىنىشىنىڭ كاپالىتى ۋە سىمۋولىدۇر.

**— مەركەزنىڭ نوپۇزى دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنىڭ نوپۇزى بىلەن بىردەك.** دۆلەتنىڭ دۆلەت قانۇنى، پارتىيىنىڭ پارتىيە قائىدىسى بولۇش، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، تۈزۈمگە تايىنىپ پارتىيىنى ئىدارە قىلىش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي پىكرى. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان كومپارتىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېنلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئاساسىي قانۇن ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان قانۇن-نىزاملارغا تايىنىپ ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى لازىم، مەركەزنىڭ نوپۇزىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى ۋە قانۇنغا بويسۇنۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ، دۆلەتنىڭ بارلىق قانۇن-نىزاملىرىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش كېرەك. مەركەزنىڭ نوپۇزى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇن-نىزاملارنىڭ نوپۇزى بىلەن تامامەن

بىردەك. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى شۇكى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى دۆلەتنىڭ توپ-ئاساسىي قانۇندۇر، ئۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق دېموكراتىيىسىنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تۈزۈپ چىقىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قانۇن-نىزاملارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇندىن ھاسىل بولغان، ئاساسىي قانۇن ھەرقايسى ساھەلەردە، ھەرقايسى جەھەتلەردە كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە بارلىق قانۇن-نىزاملاردا ھەم خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەم پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ ۋە بارلىق قانۇن-نىزاملارنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئابرويىنى قوغدىغانلىق ماھىيەتتە مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغانلىقتۇر. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزىمۇ ئاساسىي قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن.

— **مەركەزنىڭ نوپۇزى ھوقۇقنى قويۇۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش شەرتى ئاستىدىكى نوپۇزدۇر.** مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ھوقۇقنى قويۇۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش نىشان قىلىنغان ئىسلاھات. شۇڭا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدە نوپۇزنى تەكىتلەشتە، جايلار، تارماقلار، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "تىزگىننى قويۇۋەتمىگەن بولساق، ئىقتىسادىمىزنىڭ كۆلىمى تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى دەرىجىگە يېتەلەمتى؟ بىزنىڭ مەركەزنىڭ نوپۇزى، ئومۇمىي كونترول، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش دېگەنلىرىمىز مۇشۇنداق يېڭى شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان." (3-توم، 575-بەت) مەركەزنىڭ نوپۇزىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ماكرولۇق باشقۇرۇشنىڭ نوپۇزى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ جايلار، تارماقلار، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان قوزغىتىشنى مەقسەت قىلغان نوپۇزدۇر. مەركەزنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتىشنى جايلار، تارماقلار، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىدە نوپۇزنى تەكىتلەشتە، قارشى تۇرىدىغىنىمىز ۋە تۈگىتىدىغىنىمىز ھوقۇقنى قويۇۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى باھانە قىلىپ، تارقاقچىلىق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، قىسمەنلىكنىلا كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتمايدىغان، قىل دېگەننى قىلمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان خاتا خاھىشلاردىن ئىبارەت.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىدۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ 17 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ "مەركەزنىڭ نوپۇزى بولۇشى كېرەك" دېگەن ئىدىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. بىز مۇشۇ ئىدىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگەللەپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

**(ئاپتورلار ج ك پ تيەنجىن شەھەرلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 11>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2—373 定价：1.50元 邮政编码 100013